بسم الله الرحمن الرحيم

**ئۆزىمىزدىن باشلايلى**
دوكتور مەجدى ھىلالىي

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئۆمەر
تەھرىر ۋە كوررېكتور: ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان

**Kendimizden Başlayalım**
Dr. Majdi Hilali

Tercüme: Muhammed Ömer
Editör: Habibullah KURBANİ

**فلنبدأ بأنفسنا**
مؤلف: دكتور مجدي الهلالي

ترجمة: محمد عمر
تحرير: حبيب الله محمد قربان

ISBN: 978-625-00-9291-0

2022-يىلى ماي، 1-نەشرى
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى.
ئىستانبۇل - تۈركىيە

# ئۆزىمىزدىن باشلايلى!

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز............................................................................................ 9

## بىرىنچى بۆلۈم

غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ شەرتلىرى............................................................ 13
بىز ئاللاھ تائالاغا قانداق ياردەم بېرىمىز؟................................................ 14
بۇ كۇرەشنىڭ خاراكتېرى...................................................................... 15
قەلب دېگەن نېمە؟................................................................................ 15
نەپس.................................................................................................. 18
هاۋايى - هەۋەس.................................................................................... 20
هاۋايى - هەۋەسكە بېرىلىشنىڭ ئاقىۋىتى.................................................. 21
قۇرئان كەرىم بىزگە هاۋايى - هەۋەسكە بېرىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەسلىتىدۇ22
ئۆزگە زۇلۇم قىلىشنىڭ ماهىيىتى ........................................................... 25
شەيتاننىڭ رولى.................................................................................... 27
قەلبنىڭ لەشكەرلىرى .......................................................................... 29
تائەت - ئىبادەت ۋە گۇناھ - مەسىيەت ئارىسىدىكى قەلب ......................... 31
نەپسنى سېتىشنىڭ ماهىيىتى................................................................ 35

## ئىككىنچى بۆلۈم

ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق مۇئمىنلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ..................... 39
1. مۇئمىن پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىخلاس قىلىدۇ.............................................. 40
2. مۇئمىن دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدۇ ...................................................... 42
3. مۇئمىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، تەقدىرىگە رازى بولىدۇ......................... 44
4. مۇئمىننىڭ هەۋىسى ئازدۇر................................................................... 45
5. مۇئمىن كۆڭلى باي، قانائەتچاندۇر ......................................................... 46
6. مۇئمىن ئىپپەتلىكتۇر............................................................................ 48
7. مۇئمىن كەمتەردۇر ................................................................................ 48
8. مۇئمىن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم ۋە مېهرىباندۇر............................................ 50

9. مۇئمىن كاپىرلارغا شەپقەتسىزدۇر ........ 51
10. مۇئمىن گۈزەل ئەخلاقلىقتۇر ........ 51
11. مۇئمىن ئاللاھ ئۈچۈن دوستلىشىدۇ ........ 53
12. مۇئمىن زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىدۇ، مەھرۇم قىلغانغا بېرىدۇ، ئۇرۇق
- تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن كىشىگىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزىدۇ ........ 55
13. مۇئمىن ئاچچىقىنى يۇتۇشنى بىلىدۇ ........ 56
14. مۇئمىن سەۋرچاندۇر ........ 57
15. مۇئمىن مۇلايىم ۋە تەمكىندۇر ........ 59
16. مۇئمىن ھەقنى سۆزلەپ، ھەق بىلەنلا ياشايدۇ ........ 60
17. مۇئمىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ ........ 61
18. مۇئمىن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى ئاقلىمايدۇ ........ 64
19. مۇئمىن ماختالغاندىمۇ، سۆكۈلگەندىمۇ ئوخشاشتۇر ........ 66
20. مۇئمىن ھاراملاردىن ساقلىنىدۇ ........ 67
21. مۇئمىن باشقىلارنى مەسخىرە قىلمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ ........ 68
22. مۇئمىن راستچىلدۇر ........ 71
23. مۇئمىن ئەستايىدىل ۋە ئالىي ھىممەتلىكتۇر ........ 72
24. مۇئمىن قولى ئوچۇق، سېخىيدۇر ........ 75
25. مۇئمىن ئوتتۇراھالدۇر ........ 76
26. مۇئمىن پەرھىزكاردۇر ........ 78
27. مۇئمىن ئاللاھ يولىدا پىداكاردۇر ........ 80
28. مۇئمىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ ........ 82
29. مۇئمىن ھەقتە مۇستەھكەم تۇرىدۇ ........ 83
30. مۇئمىن نام - ئاتاققا ھەۋەس قىلمايدۇ ........ 84
31. مۇئمىن ئەمەل - مەنسەپتىن قاچىدۇ ........ 86
32. مۇئمىن ھەسەتخور بولمايدۇ ........ 88
33. مۇئمىن مەغرۇر بولمايدۇ ........ 88
34. مۇئمىن تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ ........ 90
35. مۇئمىن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ ........ 92
36. مۇئمىن ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ ........ 98
37. مۇئمىن قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھتىن ساۋاب كۈتىدۇ ........ 99
38. مۇئمىن داۋاملىق تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرىدۇ ........ 101

# ئۈچىنچى بۆلۈم

رىئاللىقىمىزغا نەزەر ............ 105

# تۆتىنچى بۆلۈم

ھەل قىلىش چارىلىرى ............ 119
داۋالاش باسقۇچلىرى ............ 120
كېسەللىك قانداق ئېتىراپ قىلىنىدۇ؟ ............ 120
بىزنىڭ نەپسىمىز بىلەن جىھاد قىلغۇدەك تاقىتىمىز يوق ............ 123
ئاللاھتىن ياردەم تىلەش تۇنجى قەدەمدۇر ............ 124
ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ............ 128
يەنە ئىبادىتىمىزگە قاراپ باقايلى! ............ 129
ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىش ............ 132
ئەقلىنى تەربىيەلەش ............ 134
قەلبىنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇش ............ 138
نەپسىنى چېنىقتۇرۇش ۋە پاكلاش ............ 142
ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم ئىككى نۇقتا: ............ 148

# بەشىنچى بۆلۈم

پېشقەدەم مۇرەببىيلەرنىڭ بىر قىسىم تەۋسىيەلىرى ............ 151

# ئالتىنچى بۆلۈم

ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ............ 163
ئۆرنەكلەر: ............ 165

# خاتىمە

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھنى مەدھىيەلەيمىز، ئۇنىڭدىنلا ياردەم سورايمىز ۋە بىزنى ھىدايەت قىلىشىنى تىلەيمىز، گۇناھلىرىمىزغا مەغفىرەت تىلەيمىز، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە سىغىنىپ نەپسىمىزنىڭ ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشى توغرا يول تاپىدۇ. ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشەلمىگەن كىشى ئۇچۇن ھېچقانداق دوست ياكى ياردەمچى بولمايدۇ.

ئۇزۇندىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەرنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ ھەسرەت چەكمەكتىمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ تۆكۈلگەن قانلىرى، يېتىملەرنىڭ ئاھۇزارى، تۇل ئاياللارنىڭ يىغىسى، مەزلۇملارنىڭ نالە - پەريادلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇممەتنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشماقتا.

ئىسلام دۇنياسىدا بولۇۋاتقان بۇ دەرد - ئەلەم ئاخىرلاشامدۇ؟

بۇ قاراڭغۇ - زۇلمەتنىڭ چېكى يوقمۇ؟

ئاتمىغان تاڭدىن ئۈمىد ئۈزۈشىمىز كېرەكمۇ؟

... دېگەندەك ئىزتىراپلىق سوئاللار ئىچىدە بېشىمىزدىكى دەرد - ئەلەمنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا رۇكۇ - سەجدىلىرىمىزدە كېچە - كۈندۈزلەپ دۇئا قىلدۇق، ئەمما ئەھۋالىمىز ئۆزگەرمىدى. تا ھازىرغىچە خار - زەبۇنلۇقنىڭ تەمىنى تېتىۋاتىمىز. كىشىلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتى قاچان كېلىدۇ؟ ...

دەپ سوراشماقتا.

ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا شەك يوق. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە غەلىبە ۋە نۇسرەت ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز لەۋھۇلمەھفۇزدا يازغاندىن كېيىن داۋۇدقا نازىل قىلىنغان زەبۇردا: زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ، دەپ يازدۇق**﴾[1].

لېكىن، مۇسۇلمانلار ھازىر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق ياشاۋاتامدۇق؟ ئەھۋالىمىز ئاللاھ غەلىبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىشقا ۋەدە قىلغان بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنمۇ؟

مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ ئۆزۈمنى تەكشۈرگىنىمدە، ئاللاھ نۇسرەت بېرىشكە ۋەدە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىمنى بايقىدىم. كۆز ئالدىمدا بىز ئوقۇپ، ئاڭلىغان ئىسلام نەزەرىيەسى بىلەن مېنىڭ ئەمەلىيىتىم ۋە ھازىرقى ئەھۋالىم ئارىسىدا چوڭ بىر ھاڭ نامايان بولدى. ئاندىن ئەتراپىمدىكىلەرگىمۇ نەزەر سالدىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مېنىڭكىدىن ياخشىراق بولسىمۇ، يەنىلا ئەسلىي تەلەپتىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ھاڭ كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ بارماقتا!...

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ غەلىبە ۋە نۇسرەت ۋەدىسىگە لايىق بەندىلەردىن بولالايمىز؟

بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ناچار ئىللەتلىرى ۋە كېسەللىرىمىزگە توغرا دىياگنوز قويۇش ۋە ئاشۇ دىياگنوزغا ئاساسەن داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە ئاللاھ ۋەدە قىلغان غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 105 - ئايەت.

شەرتلىرىنى ھازىرلىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ شەرتلىرىنى ئۆزلىرىدە ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلغان ئىكەن. بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش قۇدرەتلىك مۇسۇلمانلاردىن بولىمىز دەيدىكەنمىز، شۇلار باشلىغان يەردىن باشلىشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

بۇ كىتابتا يۇقىرىدا ئىخچام ھالدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلارنى يورۇتۇشقا تىرىشتىم. كىتابنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك رەتلەپ چىقىلدى:

بىرىنچى بۆلۇم: غەلىبە - نۇسرەتنىڭ شەرتلىرى

ئىككىنچى بۆلۇم: ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق بولغان مۇئمىنلەردە تېپىلىشى زۆرۈر بولغان سۈپەتلەر

ئۈچىنچى بۆلۇم: مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى

تۆتىنچى بۆلۇم: مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىمىز؟

بەشىنچى بۆلۇم: تەجرىبىلىك پېشۋالىرىمىزنىڭ بىر قىسىم تەۋسىيەلىرى

كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىشنىڭ بىر قىسىم ئۆرنەك سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ئاللاھ نىيەت - مەقسەتنى ياخشى بىلگۈچىدۇر، ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

# بىرىنچى بۆلۈم

## غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ شەرتلىرى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئويلانغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، نۇسرەت قازىنىشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى بايان قىلغانلىقىنى ۋە بۇ شەرتلەرنى روياپقا چىقىرىشنى ئاللاھقا ياردەم بەرگەنلىك دەپ ئاتىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى بەرقارار قىلىدۇ**﴾[2]؛ ﴿**كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ**﴾[3].

---

[2] مۇھەممەد سۈرىسى، 7 - ئايەت.

[3] ھەج سۈرىسى، 4 - ئايەت.

# بىز ئاللاھ تائالاغا قانداق ياردەم بېرىمىز؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ**﴾[4]؛ ﴿**بۇ ئازابنىڭ چۈشۈشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾[5].

ئاللاھ تائالا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشى ئۈچۈن، بىزدىن نەپسىمىزنىڭ ھەۋەسلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىپ، بۇنى «ئاللاھقا ياردەم بەرگەنلىك» دەپ ئاتاۋاتىدۇ.

مەشھۇر ئالىم ئابدۇلقادىر جىيلانىي مۇنداق دىگەن ئىكەن: «بەندە ئاللاھ بىلەن نەپسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئەگەر نەپسىگە بېرىلىپ كەتسە، نەپسىنىڭ قۇلى بولىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھنىڭ قۇلى بولىدۇ».

نەپس ئىنساننىڭ كۈرەش مەيدانىدۇر. نەپس بولمىسا ئىدى، پەرىشتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتۇق.

[4] رەئد سۈرىسى، 11 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئەنفال سۈرىسى، 53 ـ ئايەت.

# بۇ كۈرەشنىڭ خاراكتېرى

ئىنسان بىلەن نەپس ئارىسىدىكى كۈرەش ئەڭ قىيىن ھەم كەسكىن كۈرەشتۇر. ئىنسانىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى مۇشۇ كۈرەشتىكى تىرىشچانلىقىغا قارىتا بەلگىلىنىدۇ.

بەزىلەر قەلبىنىڭ چۆلۈۋرىنى نەپسكە تۇتقۇزۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن نەپسكە بويسۇنىدۇ، نەتىجىدە نەپس ئۇنى خالىغانچە باشقۇرىدۇ، بەزىلەر نەپسكە قارشى جىھاد ئېلان قىلىپ، نەپسنى ئەسىر ئالىدۇ، نەتىجىدە نەپسى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. مانا بۇلار ئاللاھنىڭ ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىدۇر.

يەنە بەزى كىشىلەر بەزىدە نەپسى بىلەن جىھاد قىلسا، بەزىدە نەپسىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنىدۇ. بۇلارنىڭ ھاياتى مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ. شۇڭا، بۇ كۈرەشنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەلب، نەپس ۋە خاھىش قاتارلىقلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك.

# قەلب دېگەن نېمە؟

قەلبنى ئالىملار تۆۋەندىكىدەك تونۇشتۇرىدۇ: «قەلب — ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش، خۇشال بولۇش ۋە قايغۇرۇش، خاتىرجەملىك ۋە ئالاقزەدىلىك، بىئاراملىق ۋە تىنچلىق، ئۈمىد ۋە قورقۇنچ، رىغبەت ۋە ئەيمىنىش، مېھىر - شەپقەت ۋە ھېسداشلىق، ھەسرەت ۋە نادامەتكە ئوخشاش ئىنساندا بولىدىغان بىر قاتار ئىچكى ھېس - تۇيغۇلاردىن ئىبارەتتۇر».

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قەلبىنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[6]؛ ﴿يالغۇز ئاللاھلا تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ﴾[7]؛ ﴿ئۇنىڭغا (يەنى مەريەم ئوغلى ئىيساغا) ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق﴾[8]؛ ﴿ئى مۆئمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى جىھادقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە: ئۇلار يېنىمىزدا بولسا ئىدى، ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دېيىشكەن كاپىرلارنى دورىماڭلار. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھەسرەت بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق خىياللارنى سالىدۇ. ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ﴾[9]؛ ﴿...ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[10]؛ ﴿ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى﴾.[11]**

دېمەك، قەلب ئىنساندىكى ئاساسىي جەۋھەر بولۇپ، ئەقىل، نەپس ۋە باشقا ئەزالار شۇنىڭغا تەۋەدۇر، ھەممىسى قەلبنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغان قوشۇنلاردۇر يەنى قەلبنىڭ پەرمانىنى باشقا ئەزالار روياپقا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلب ساغلام بولسا، پۈتۈن بەدەن ساغلام بولىدۇ؛ قەلب بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«بىلىڭلاركى، ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر شۇ گۆش ساغلام بولسا، پۈتۈن بەدەن ساغلام بولىدۇ؛ ئەكسىچە ئۇ**

[6] رەئد سۈرىسى، 28 - ئايەت.
[7] زۇمەر سۈرىسى، 45 - ئايەت.
[8] ھەدىد سۈرىسى، 27 - ئايەت.
[9] ئال ئىمران سۈرىسى، 156 - ئايەت.
[10] تەۋبە سۈرىسى، 15 - ئايەت.
[11] ئەھزاب سۈرىسى، 26 - ئايەت.

**بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ بولسا قەلبتۇر»**[12].

قەلب ئىمان جايلىشىدىغان ئورۇندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەئرابىيلار: ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ. ئېيتقىنكى، سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار، پەقەت: بويسۇندۇق، دەڭلار. ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾[13]؛ ﴿**ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي، ئېغىزلىرىدىلا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويىدىغانلار ۋە يەھۇدىيلار ئىچىدىكى كۇپرىغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن قايغۇرمىغىن!**﴾[14].

قەلب بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا بويسۇندۇرۇشقا بۇيرۇلغان. ئۇنىڭ مۇھەببىتى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر. شۇڭا قەلب ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنى زاتى تۈپەيلى ياخشى كۆرمەيدۇ. زاتى تۈپەيلى ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىك زات پەقەت ئاللاھ تائالادۇر.

شۇنىڭدەك، قەلب قانداق ئادەمنى يامان كۆرسە، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا يامان كۆرىدۇ؛ خۇرسەن بولسىمۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەنلا خۇرسەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ يىغقانلىرىدىن كۆپ ياخشىدۇر**﴾[15].

قەلب ئاللاھنىڭ ھەققىنى لايىقىدا ئادا قىلالماي قالغانلىقى ئۈچۈنلا قايغۇرىدۇ، ياخشىلىقنى پەقەت ئاللاھتىنلا كۈتىدۇ، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقىلا قايتىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن

---

[12] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[13] ھۇجۇرات سۈرىسى، 14 ـ ئايەت.
[14] مائىدە سۈرىسى، 41 ـ ئايەت.
[15] يۇنۇس سۈرىسى، 58 - ئايەت.

قورقمايدۇ، پەقەت ئاللاھقىلا باش ئېگىدۇ، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ باشقىسىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنمايدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ پۈتۈن ھېس - تۇيغۇلىرىدا ئاللاھقا قانچىلىك بويسۇنغان بولسا، ئاللاھقا شۇنچىلىك قۇلچىلىق قىلغان بولىدۇ. پۈتۈن ھېس - تۇيغۇسى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولغان كىشى قۇلچىلىقى ئەڭ مۇكەممەل كىشىدۇر.

قەلبىنىڭمۇ كۆزى بار. بەندە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، داۋاملىق (تائەت - ئىبادەت بىلەن) پارلىتىپ تۇرسا، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان يولنى كۆرەلەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي تاشلاپ قويسا، گۇناھ - مەسىيەت مىكروبلىرى بىلەن نۇرى ئۆچۈپ كور بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ، ئەكسىچە ھەقىقىي كور بولىدىغىنى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەردۇر**﴾[16].

قەلب ئارقا - ئارقىدىن گۇناھ - مەسىيەت ئۆتكۈزۈپ، ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلمىغانلىق تۈپەيلى كور بولىدۇ. گۇناھ - مەسىيەت كۆپەيگەنسېرى قەلب ئەينىكى بارا - بارا قارىداپ، دۇغلىشىپ، نۇرى ئۆچىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن**﴾[17].

# نەپس

ئاللاھ تائالا ھەر بەندىنىڭ قۇلچىلىقىنىڭ قانچىلىك سەمىمىي ۋە چىنلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئۇنى ۋەسۋەسە قىلغۇچى نەپس بىلەن ياراتقان؛ نادانلىق، زۇلۇم ۋە بېخىللىق قاتارلىق

[16] ھەج سۈرىسى، 46 - ئايەت.
[17] مۇتەففىفىن سۈرىسى، 14 - ئايەت.

ئىللەتلەرنى نەپسىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىن قىلغان. دېمەك، نەپس يامانلىقتا تەلپۈندىغان، ياخشىلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان، جاپا - مۇشەققەتنى خالىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپس ھەرقانداق بۇيرۇقنى يامان كۆرىدۇ.

نەپس بەندىنىڭ پۈتۈن ئەمەللەردىن نېسىۋىدار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، نەپسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئۆزىنى ئەتراپىدىكى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن ۋە ئالاھىدە ھېس قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپس قەلبنى بويسۇندۇرۇپ، بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. شەيتان نەپسىنىڭ نادانلىقى ۋە بېخىللىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى كۈشكۈرتۈپ، ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالدا قولىدىن كېلىشىچە پۈتۈن يامان قىلمىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى باشقا ئەزالار ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلبنى شۇ ئەزالارغا بۇيرۇق بېرىشكە قىستايدۇ. نەپس ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى كۆڭۈلگە خۇشياقىدىغان بولغاچقا، ئاللاھتىن يىراق قالغان قەلب ئۇنىڭغا باش ئېگىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ھەر نەرسىنى پەقەت نەپسى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ، نەپسىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىدۇ، نەپسىنىڭ دۈشمىنىنى دۈشمەن تۇتىدۇ، نەپس خۇرسەن بولسا تەڭ خۇرسەن بولىدۇ، قايغۇرسا تەڭ قايغۇرىدۇ. نەپس نېمىنى ئارزۇ قىلسا، شۇنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە قورققان نەرسىدىن قورقىدۇ. نەتىجىدە قەلب نەپسىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ئەسىرگە ۋە ئىتائەتمەن قۇلغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەس كارۋىنىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

دېمەك، نەپس يامانلىققا ۋەسۋەسە قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن. نەپس ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، رەببىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ رەببىم ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر،**

**ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**[18].

نەپس ئەسلىي خاراكتېرىدە بېخىل بولۇپ، پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئىگىلىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾**[19].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**زۇلۇمدىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى (بۇ دۇنيادىكى) زۇلۇم قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمەتلىرىدۇر. بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ئۆزئارا قان تۆكۈشكە ۋە ئىپپەتلىرىنى دەپسەندە قىلىشقا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ھالاك قىلغان**»[20].

ئەبۇلھەيياج ئەسەدىي رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتىم. (تاۋاپ ئارىلىقىدا) بىرەيلەننىڭ: «ئەي پەرۋەردىگارىم! مېنى نەپسىمنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىغىن!» دەپلا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇنىڭدىن پەقەت مۇشۇ دۇئانىلا قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا، ئۇ: «مەن نەپسىمنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنالىسام، ئوغرىلىق قىلمايمەن، زىنا قىلمايمەن، باشقا گۇناھلارنىمۇ قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. سىنچىلاپ قارىسام، ئۇ كىشى مەشھۇر ساھابە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئىكەن.

# ھاۋايى - ھەۋەس

ھاۋايى - ھەۋەس ئالىملار ئېيتقاندەك، نەپس قىزىقىدىغان نەرسىدۇر. يېمەك - ئىچمەك، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىش ۋە پۇل

[18] يۇسۇف سۈرىسى، 53 - ئايەت.
[19] ھەشر سۈرىسى، 9 - ئايەت.
[20] ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

- مال تۇپلاشتەك ماددىي راھەت - پاراغەت بولسۇن ياكى شان - شۆھرەت، ماختاشقا سازاۋەر بولۇشقا خۇشتار بولۇپ، تەنقىدكە ئۇچرايدىغان جايلاردا كۆزگە چېلىقىپ قېلىشنى ياقتۇرماسلىقتا ئوخشاش مەنىۋى راھەت - پاراغەت بولسۇن، رىيازەت بىلەن چېنىقتۇرۇلمىغان ھەرقانداق نەپس ئەنە شۇنداق راھەت - پاراغەتلەرگە تەلپۈنۈپلا تۇرىدۇ. نەپس پەقەت غەلىبە - ئۇتۇقنىلا ياخشى كۆرىدۇ، بىسمىنى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆز خاتالىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشىنى خالىمايدۇ. ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇشنى خالايدۇ - يۇ، ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ياقتۇرمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ - يۇ، ئۆزى ھېچكىمگە ئىتائەت قىلىشنى خالىمايدۇ.

## ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىشنىڭ ئاقىۋىتى

ئىنسان نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ كويىدىلا ياشايدىكەن، چوقۇم نەپسى بىلەن تەڭ ھالاك بولىدۇ. چۈنكى، نەپس ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى خالىمايدىغان، پەقەت راھەت - پاراغەتنىلا كۆزلەيدىغان بولغاچقا، ھېچقانداق پەرزنى ئادا قىلمايدۇ. ئەگەر ئىنسان قەلبىدە ئىماننىڭ كىچىككىنە قالدۇقىغا چاغلىق نەرسە بولۇپ، پەرز ئەمەلنى ئادا قىلسا، نەپس ئۇنىڭدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالماي تۇرۇپ، ساپ ھالەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىگىلى قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان يا باشقىلارغا رىيا قىلىدۇ، يا شۇ ئەمەلنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئەۋزەل چاغلاپ تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ، ياكى بۇ ئەمەلنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلار مېنى ھۆرمەتلىشى كېرەك دەپ ئويلايدۇ، ياكى مۇشۇ ئەمەل تۈپەيلى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋەم ئۈستۈن بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا نەپس بۇ ئەمەلدىن نېسىۋىسىنى

تولۇق ئالغان بولىدۇ.

بۇ چاغدا ئىنسان پۇل - مالنى نەدىن تاپقانلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ، پۈتۈن غېمى پۇل توپلاپ، نەپسىنى خۇش قىلىپ، رىغبەتلىرىنى قاندۇرۇش بولىدۇ، شەھۋەت چۆلىۋۈرىنى قويۇۋېتىدۇ، ھالال - ھاراملىقىغا قارىماي كۆڭلى تارتقاننىڭ ھەممىنى يەيدۇ.

ئىنساندىن سادىر بولىدىغان پۈتۈن گۇناھ - مەسىيەتلەر نادانلىقى ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكى تۈپەيلىدىندۇر. دەرھاللا (يەنى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا) ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان كىشى پەقەت مالامەتتىن قورققانلىقى ۋە قوتۇلۇشقا بولغان خۇشتارلىقى تۈپەيلىدىنلا نەپسىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىگە بويسۇنغان بولىدۇ. ئوغرىلىق قىلغان كىشى مال - دۇنيا توپلاش ۋە بۇ مال - دۇنيالارنى تۈرلۈك شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشقا سەرپ قىلىش ئۈچۈنلا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن بولىدۇ.

# قۇرئان كەرىم بىزگە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەسلىتىدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىزنى ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتىپ باقساڭچۇ! نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاشقا ) ھامىي بولالامسەن؟**﴾[21].

ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرگەن كىشى داۋاملىق شۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىدىغان بولغاچقا، شۇنى ئىلاھ قىلىۋالغان ۋە شۇنىڭغا چوقۇنغان ھېسابلىنىدۇ.

[21] فۇرقان سۈرىسى، 43 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمگە ئىتائەت قىلمىغىن!**﴾[22].

ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشىنىڭ قەلبى ئاللاھتىن غاپىل قالىدۇ، زېھنى چېچىلاڭغۇ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **ئۇنداق ئەمەس، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلار بىلىمسىزلىكتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى. ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئادەمنى كىممۇ ھىدايەت قىلالىسۇن؟! ئۇلارغا ھەرگىز ياردەمچى بولمايدۇ**﴾[23]. يەنى ئۇلار ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بېرەلمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ**﴾[24].

ھەق ۋە ھىدايەت چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشماسلىق ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشكەنلىكنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

بەلئامنىڭ قىسسىسىدە سۆزلەنگەندەك، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىرەر نېمەتنىڭ قولدىن كېتىشى ياكى بىرەر پۇرسەتتىن پايدىلىنالماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشكەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ قىسسەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇ ئادەمگە ئايەتلىرىمىزنى بەرگەن ئىدۇق. ئەمما، ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتىۋىدى، شەيتان ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىز خالىساق ئىدۇق، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرەتتۇق،**

[22] كەھف سۈرىسى، 28 - ئايەت.
[23] رۇم سۈرىسى، 29 - ئايەت.
[24] قەسەس سۈرىسى، 50 - ئايەت.

**لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى. ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر. قەۋمىڭنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بەرگىن﴾**[25].

قۇرئان كەرىم بىزگە شۇنى ئەسلىتىدۇكى، نەپس ۋە ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى ئىنساننىڭ قەلبىگە گۇناھ ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ، گەرچە ئۇ گۇناھ ئەڭ يېقىن كىشىنى ئۆلتۈرىدىغان ئىش بولغان تەقدىردىمۇ... ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى ھابىل ۋە قابىلنىڭ مۇنۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلىكى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ:

**﴿قابىلنىڭ نەپسى خاھىشى ئۇنى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى﴾**[26].

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىنىڭ يۇسۇفكە قىلغانلىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغانچىلىقىڭلارنى) كۆتۈرۈشۈمگە ئاللاھ مەدەتكاردۇر﴾**[27].

نەپس ئۆز ساھىبىغا ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا شېرىك كەلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، بۇ شېرىكنى پەردازلايدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سامىرىينىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغان ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ: **﴿مۇسا**

[25] ئەئراف سۈرىسى، 175—176 - ئايەتلەر.
[26] مائىدە سۈرىسى، 30 - ئايەت.
[27] يۇسۇف سۈرىسى، 18 - ئايەت.

**ئېيتتى: ھەي سامىرىي! سەن نېمە بولدۇڭ؟ سامىرىي ئېيتتى: مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئەلچىنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم ـ دە، ئۇنى (موزايغا) چاچتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقتى. نەپسىم ماڭا ئۇ ئىشنى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسەتتى﴾**[28].

سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان سەمۇدنىڭ ئاللاھ مۆجىزە قىلىپ چىقىرىپ بەرگەن تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشىمۇ ھەددىدىن ئاشقان نەپسلىرىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىكى تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان زات بىلەن، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ، سەمۇد ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەبلىك ئىنكار قىلدى﴾**[29].

# ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشنىڭ ماھىيىتى

ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، جاھىللىق ۋە بىلىمسىزلىك نەپسنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. نەپس ئاقىۋەتنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن ئىستەكلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرسە، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

ئىنسان نەپسىنىڭ راھىتىنىلا ئويلاپ، مۇشۇ دۇنيادىلا ئۇنىڭ ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ كويىدا ياشىغىنىدا، ئۇ دۇنيادا

[28] تاھا سۈرىسى، 95—96 ـ ئايەتلەر.
[29] شەمس سۈرىسى، 7—11 ئايەتلەر.

نەپسىنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلغان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە نەپسىگە ياخشىلىق قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلىشى لازىم. ئىنسان دۇنيادا نەپسىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى تىزگىنلىيەلىسە، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ بەختىنى كۆزلىگەن بولىدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ قىسسىسىدە ئېيتىلىشىچە، بۇ ئىككىيلەن شەيتاننىڭ سۆزىگە كىرىپ ئاللاھ تائالا يېقىنلىشىشتىن چەكلىگەن دەرەختىن يېگەنلىكى ئۈچۈن ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالغان، ئاندىن ئۆزلىرىدىن سادىر بولغان گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغاندا مۇنداق دۇئا قىلغان: ﴿**ئى رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغفىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز**﴾[30].

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿**مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچكىمنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر چاغدا شەھەرگە كىرىپ، شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن بىرى ئۆز قەۋمىدىن، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر. مۇسا ئېيتتى: ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغفىرەت قىلغىن! ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغفىرەت قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾[31].

يەنە بىر ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلغا

[30] ئەئراف سۈرىسى، 23 - ئايەت.
[31] قەسەس سۈرىسى، 15—16 - ئايەتلەر.

مۇنداق دېگەنلىكى ئېيتىلغان: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا مۇسا قەۋمىگە: ئەي قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىۋېلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار!**﴾[32].

ئىككى باغ ئىگىسىنىڭ قىسسىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿**ئۇ بېغىغا كىرىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ھالدا ئېيتتى: بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن**﴾[33].

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر خوتۇنلىرىڭلارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن يارىشىپ ئۇلارنى چىرايلىقچە نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار!**﴾[34].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا ئاللاھ زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى**﴾[35].

# شەيتاننىڭ رولى

ئاللاھ تائالا ھەر بەندە ئۈچۈن شەيتاندىن بىر ھەمراھ ياراتقان بولۇپ، بەندە بىلەن نەپس ئارىسىدىكى كۈرەشتە بۇ شەيتاننىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. گەرچە شەيتاننىڭ بەندىگە بىۋاسىتە كۈچى يەتمىسىمۇ، نەپسنىڭ نادانلىقى ۋە ئاچكۆزلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ماس پىكىر ۋە ئەمەللەرنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ۋەسۋەسە قىلىشتا پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ، نەپس شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە بىنائەن قەلبنى ئۆزىگە

[32] بەقەرە سۈرىسى، 54 - ئايەت.
[33] كەھف سۈرىسى، 35 - ئايەت.
[34] بەقەرە سۈرىسى، 231 - ئايەت.
[35] ئال ئىمران سۈرىسى، 117 - ۋە 135 - ئايەت.

بويسۇنۇپ، ھاۋايى - ھەۋىسىگە ئۇيغۇن قارار چىقىرىشقا قىستايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا بىزنى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۇئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلەرگە ۋە يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ﴾**[36].

ئاللاھ تائالا بىزگە شەيتاننىڭ ئىنساننى ئازدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شەيتان ئۇلارغا ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى﴾**[37]؛ **﴿شەيتان ئۇلارغا ۋەدە بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغانىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾**[38]؛ **﴿لېكىن، شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى﴾**[39].

قۇرئان كەرىم بىزگە شەيتان ئىنسانغا گۇناھ - مەسىيەتلەرنى چىرايلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ھالقىلىق پەيتتە ئىنساندىن قاچىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: بۈگۈن سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار، دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا قېچىپ: مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچ ئالاقەم يوق، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى مەن ھەقىقەتەن كۆرۈۋاتىمەن، مەن راستىنلا ئاللاھتىن قورقىمەن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، دېدى﴾**[40]؛ **﴿يەنە ئۇلار شەيتانغا ئوخشايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: كاپىر بولغىن! دېدى. ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا، شەيتان: مەن سەندىن ئادا - جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن**

[36] نۇر سۈرىسى، 21 - ئايەت.
[37] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 38- ئايەت.
[38] نىسا سۈرىسى، 120 - ئايەت.
[39] ئەئراف سۈرىسى، 20 - ئايەت.
[40] ئەنفال سۈرىسى، 48 -ئايەت.

**ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن، دېدى﴾**[41].

قىيامەت كۈنى شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇلارنى مەجبۇرلىمىغانلىقىنى، پەقەت يامانلىققا چاقىرىپلا قويسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىش پۈتكەندە شەيتان: ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى. مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئىدىم، ئەمما ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلدىم. سىلەرگە مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت گۇمراھلىققا چاقىردىم، سىلەرمۇ چاقىرىقىمنى قوبۇل قىلدىڭلار، شۇڭا ئەمدى مېنى ئەيىبلىمەي، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار. مەن سىلەرگە ياردەم قىلىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم قىلىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر. مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن. شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، دەيدۇ﴾**[42].

# قەلبنىڭ لەشكەرلىرى

ئاللاھ تائالا نەپسكە، ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كۈشكۈرتىدىغان شەيتانغا قارشى كۈرەش مەيدانىدا قەلبنى يالغۇز تاشلاپ قويغىنى يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ۋاپادار لەشكەرلەر بىلەن مەدەت بەرگەن. قەلبنىڭ ئەڭ كۈچلۈك لەشكىرى ئەقىلدۇر. ئەقىل ئىلىمنىڭ جايى بولۇپ، قەلبنىڭ ھەقىقەتلەرگە قولاق سېلىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىنساننىڭ پايدىلىق ئىلمى قانچىلىك كۆپ بولسا، قەلبنىڭ ئاڭلاش قۇۋۋىتىمۇ شۇنچە

[41] ھەشر سۈرىسى، 16 - ئايەت.
[42] ئىبراھىم سۈرىسى، 22 - ئايەت.

كۈچلۈك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ**﴾[43].

ئىلىم ئارقىلىق پايدىلىق ۋە زىيانلىقنى، ھالال ۋە ھارامنى بىلگىلى، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «**ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقچىلىقى مېنى ئاراڭلاردىكى ئەڭ ئاددىي ئادەمگە سېلىشتۇرغاندىكى ئارتۇقچىلىقىمغا ئوخشاشتۇر**»[44].

ئاللاھ تائالا ھەر بەندىگە يامان ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان شەيتاندىن بىر ھەمراھ ياراتقاندەك، ياخشىلىقنى ئەسلىتىدىغان پەرىشتىدىنمۇ بىر ھەمراھ ياراتقان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىككى خىل ھېس بولۇپ، بىرىنچىسى پەرىشتىدىن كېلىدۇ. بۇ ھېس ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىش ۋە ھەقىقەتنى تەستىقلاشتۇر. قانداق ئادەم بۇنى ھېس قىلسا، ئاللاھتىن دەپ بىلىپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن. ئىككىنچىسى شەيتاندىن كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ھېس يامانلىقنى ۋەدە قىلىش، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ياخشىلىقتىن توسۇشتۇر. قانداق ئادەم بۇنى ھېس قىلسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلىسۇن!». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان: ﴿**شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾[45].

[43] فاتىر سۈرىسى، 28 - ئايەت.
[44] تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.
[45] بەقەرە سۈرىسى، 268 - ئايەت.

# تائەت - ئىبادەت ۋە گۇناھ - مەسىيەت ئارىسىدىكى قەلب

قەلب مەلۇم بىر ئىبادەتنى ئادا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتە شۇ ئەمەلنى گۈزەل كۆرسىتىدۇ، ئەقىل ئۇنىڭدىكى ئىلىمنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئۇنى ئىبادەتنى ئادا قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. شەيتان قەلبنىڭ مەزكۇر ئىبادەتنى قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئۇنى شۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن نۇرغۇن باھانە - سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ قاتتىق ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلايدۇ.

ئەگەر ئىنسان نەپسى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئىبادەتنى ئادا قىلىشقا قەتئىي بەل باغلىسا، شەيتان ئۇنى يەنە بوش قويۇۋەتمەي، شۇ ئىبادەتتىن نېسىۋىسىنى تولۇق ئېلىش ئۈچۈن نەپسكە ۋەسۋەسە قىلىدۇ - دە، نەپس ئۇ ئىبادەتنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا رىيا بىلەن ئادا قىلىشنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ قالىدۇ. ئەگەر بەندە شەيتانغا باش ئەگمەي، ئىبادەتنى ئادەم يوق يەردە ئادا قىلسا، بۇ چاغدا شەيتان ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىش قىلغانلىقىنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەندە بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشقا ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى چوڭ بىر ئىش قىلىۋەتكەندەك چاغلاپ قالىدۇ، ئاندىن ئۆزىنى تەڭتۇشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ ۋە مەغرۇرلىنىدۇ. ئاقىۋەتتە نەپس ئۇ ئىبادەتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى تولۇق ئالغان بولىدۇ.

ئىنسان ئىبادەتنى ئاللاھقا قانچىلىك خالىس قىلسا، ئۇنىڭ قەلبكە بولغان تەسىرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، بەندە ناماز ئوقۇسا، ئوقۇغان نامىزىدىكى ئىخلاسىغا قاراپ ئۇ نامازنىڭ

ساۋابىنىڭ يېرىمىغا ياكى تۆتتىن بىر قىسمىغا ياكى سەككىزدىن بىر قىسمىغا ئېرىشىدۇ ياكى ئۇنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا بىزدىن ناماز، روزا ۋە باشقا پۈتۈن ئىبادەتلەرنى قىلىشتا پەقەت بىر قاتار شەكلىي ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، جاپا تارتىشىمىزنىلا تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى بۇلاردىنمۇ مۇھىم بولغان تەقۋادارلىق ۋە ئاللاھتىن قورقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھقا قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يەتمەيدۇ، بەلكى ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر**﴾[46].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى**﴾[47].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**نۇرغۇن روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار ئاچ قېلىشتىن باشقا ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. يەنە نۇرغۇن كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغۇچىلار باركى، ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ**»[48].

ئىنسان ئىبادىتىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن رىياكارلىق بىلەن قىلسا، بۇ ئىبادەتنىڭ قەلبتىكى ئىمان دەرىخىگە ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ، ئەكسىچە رىيا دەرىخىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ - دە، رىيا دەرىخى مۇشۇ ئارقىلىق سۇغىرىلىپ، قەلب ئەينىكى ئالدىدا ئۈسۈپ باراقسانلىشىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئىبادىتى بىلەن تەكەببۇرلىشىپ كەتسە، بۇنىڭ تەسىرىدە قەلبىنىڭ ئالدىدا كىبىر دەرىخى ئۈنۈپ چىقىدۇ؛ ناۋادا ئىبادەت بىلەن پەخىرلىنىپ،

[46] ھەج سۈرىسى، 37 - ئايەت.
[47] بەقەرە سۈرىسى، 183 - ئايەت.
[48] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

مەغرۇرلانسا، بۇنىڭ تەسىرىدە مۇناپىقلىق، مەغرۇرلۇق ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق دەرىخى ئۈنۈپ چىقىدۇ؛ بەندە ئىبادەتنى زېھنى چېچىلاڭغۇ، غاپىل ھالدا ئادا قىلسا، بۇ سەۋەبلىك قەلبتە غەپلەت دەرىخى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇشى بىلەن بۇ دەرەخ قەلبتە باراقسانلىشىپ، قەلب ئەيىنكى ئالدىدا قېلىن بىر پەردە شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ پەردە ئىلاھىي نۇر ۋە يورۇقلۇقنىڭ قەلبكە ئۆتۈشىنى توسىدۇ، نەتىجىدە قەلب ئاللاھنىڭ نۇرىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ.

دېمەك، قەلبتىكى ئىمان ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ، ئىماننىڭ كۈچى قەلبتىكى ئىخلاسقا قاراپ بولىدۇ. قەلبتىكى ئىمان زىيادە بولغانسېرى نۇرى شۇنچە پارلايدۇ، بۇ ئارقىلىق بەندە ھەقنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئەقلىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىدۇ. نەتىجىدە قەلب ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ - دە، پۈتۈن ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئاللاھقا بويسۇندۇرىدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىدۇ، ئاللاھقا قايتىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ چاغدا دۇنيا ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ، قەلبى ئاخىرەتكە باغلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، قەلبتىكى ئىمان ئاجىزلىغانسېرى قەلب نەپسكە تەسلىم بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. قەلب بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى پەردە قېلىنلىشىپ، قەلب ئەيىنكى قارىداپ، نۇرى ئۆچۈشكە باشلايدۇ - دە، ئەقىل بىلەن ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتىنىڭ ئاۋازى ئاجىزلىشىپ، نەپس كۆزگەندىن باشقىنى كۆرەلمەيدىغان، نەپس پىچىرلىغاندىن باشقىنى ئاڭلىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿**ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ**

**ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴾**[49].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**خۇددى بورىنىڭ قومۇشى رەتمۇرەت توقۇلغاندەك پىتنىلەرمۇ قەلبلەرگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىدۇ، بۇ پىتنە قانداق قەلبتىن ئورۇن ئالسا، ئۇنىڭغا بىر قارا چېكىت قويۇلىدۇ. قانداق قەلب ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭغا بىر ئاق چېكىت قويۇلىدۇ. قەلبلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى قازاننىڭ قارىسىدەك قارىداپ كەتكەن قەلبتۇر. بۇنداق قەلب ياخشىلىقنى ھېس قىلمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت ئۆزىدە ئورۇنلاشقان ھاۋايى - ھەۋەستىن باشقىنى تونۇمايدۇ. ئىككىنچىسى ئاپئاق قەلب بولۇپ، دۇنيا جايىدىلا تۇرىدىكەن، پىتنىلەر ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ**»[50].

ئىمام ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«**ئەمەل بىلەن قەلب ئارىسىدا بەلگىلىك بىر مۇساپە بولۇپ، بۇ مۇساپىدە ئەمەلنىڭ قەلبكە تۇتىشىشىغا پۇتلىشىدىغان توسالغۇلار بار. مەسىلەن، بەزىدە بىر ئادەم كۆپ ئەمەل قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلدىن قەلبكە قىلچە مۇھەببەت، قورقۇنچ، ئۈمىدۋارلىق، دۇنيادىن ئاخىرەتكە يۈزلىنىش، ئاللاھنىڭ دوستلىرى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان نۇر ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بارمايدۇ. مەزكۇر ئەمەللەرنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ قەلبىگە يەتسە ئىدى، قەلبى نۇرلىنىپ، ھەق بىلەن باتىلنى ۋە ئاللاھنىڭ دوستلىرى بىلەن**

[49] ئەئراف سۈرىسى، 179 - ئايەت.
[50] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**دۈشمەنلىرىنى ئايرىيالىغان بولاتتى»**[51].

ئىنسان بىلەن نەپس ئارىسىدىكى كۈرەش شىددەتلىك كۈرەشتۇر. نەپس ۋە ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرى كۆڭۈلگە ئىنتايىن ياقىدىغان بولغاچقا، بۇ كۈرەش هاياتلىقتىكى ئەڭ قىيىن كۈرەش دېيىشمۇ مۇبالىغە هېسابلانمايدۇ. نەپسىنىڭ ھەسەل يالىتىلغان زەھەرلىرىنى بايقاشمۇ ناھايىتى قىيىن بىر جەرياندۇر. بايقىغاندىن كېيىنكى قارشىلىقمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. بىز نەپسىنىڭ بىزگە قارشى كۈرەشتە ئىشقا سالىدىغان قوراللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ قالىمىز. نەپس ھەممىنى ئۆزى ئۈچۈن ئىگىلىۋېلىشنى كۆزلەيدۇ، ئىنساندىن سادىر بولغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنىڭ كويىدا.

بۇ نەپسىنىڭ ئارقىسىدا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنى ۋەسۋەسە قىلىش ۋە گۇناھ - مەسىيەتنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق جەننەتتىن چىقارغان ئىبلىستىن ئىبارەت چوڭ دۈشمەن بار. دېمەك، كۈرەش شىددەتلىك، لېكىن بىردىنبىر چىقىش يولى مۇشۇ جەڭگە كىرىپ، ئاللاھ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر.

# نەپسنى سېتىشنىڭ ماھىيىتى

جەننەتنى ئىرادە قىلغان كىشى نەپسىنى ئاللاھقا ساتسۇن! بۇ ئېلىم - سېتىم پەقەت ئىنسان نەپسىنى يېڭىپ، ئاللاھ تەرەپكە ئېلىپ ماڭالىغاندىلا، پۈتۈن ئىش - ھەرىكەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى نەپسى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بولغاندىلا

[51] تەزھىيبۇ مەدارىجىس سالىكىين، 235 - بەت.

مۇكەممەل تاماملانغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ، (قىلغان ئەمەلىدە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر**﴾[52].

مەسىلەن، سۇھەيب رۇمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا يول قويۇش بەدىلىگە پۈتۈن مۈلكىنى مەككە مۇشرىكلىرىغا تاشلاپ بەرگەنلىكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ نەپسىنى ئاللاھقا سېتىشنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ خەۋەر يەتكەندە: «سۇھەيب پايدا ئالدى، سۇھەيب پايدا ئالدى» دېگەن.

نەپس بىلەن كۆرەش قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئۇنى تولۇق تىزگىنلەش ۋە گېزى كەلگەندە ئاللاھقا سېتىشتۇر. بۇ ئېلىم - سېتىمنىڭ چىنلىقى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ نەپسنى قۇربان بېرىشتە مۇكەممەل ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ). (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى بېرىش ۋەدىسى) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەكرەك ۋاپا قىلغۇچى بارمۇ؟ (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار بىرى يوق. شۇڭا) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر**﴾[53].

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇممەتنىڭ ئىسلاھاتى شەخسنىڭ ئىسلاھ بولۇشىغا باغلىق، شەخسنىڭ ئىسلاھ بولۇشى نەپسىنىڭ ئىسلاھ بولۇشىغا باغلىقتۇر. مانا بۇ غەلىبىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

[52] بەقەرە سۈرىسى، 207 - ئايەت.
[53] تەۋبە سۈرىسى، 111 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**روھ بىلەن ۋە ئۇنى مۇكەممەل ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ۋە دەپسەندە قىلغان ئادەم چوقۇم نائۇمىد ۋە خار بولىدۇ**﴾[54].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ئاقىل ئادەم ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ، ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلغان ئادەمدۇر. ئەمما بىپەرۋا ئادەم نەپسىنى ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بېرىپ، ئاللاھتىن ئۇتۇق ۋە جەننەت تىلىگەن ئادەمدۇر**»[55].

[54] شەمس سۈرىسى، 7—10 - ئايەتلەر.
[55] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق مۇئمىنلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

بىرىنچى بۆلۈمدە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ شەرتىنىڭ نەپسكە قارشى ئاللاھ ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق مۇئمىنلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن نەپسىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىپادىلىرى ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىمۇ بۇ ئالامەتلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ساھابىلەر ۋە ئىلگىرىكى پېشۋالىرىمىز بۇلارنى ئۆز ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بىز بۇ سۈپەتلەردىن بىر قىسمىنى ھەممىمىز ئۆزىمىزنى سىلىپ ۋە

ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنى باھالاپ، ساھابىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۆزىمىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمىزنى دەڭسەپ باقىدىغان ئۆلچەم سۈپىتىدە بايان قىلىمىز.

نەپسىنى يەڭگەن مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئۇلاردىن بىرقانچىسىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

# 1. مۇئمىن پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىخلاس قىلىدۇ

ئىخلاسنىڭ بىرقانچە كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1) مۇئمىن نىيەت - مەقسەتتە ئىخلاسمەندۇر**

مۇئمىن ھەر دائىم نىيەتنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن نىيىتىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن باشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (قىسقىسى، دۇنيادا قىلغان پۈتۈن ياخشىلىق ۋە تائەت - ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر**﴾[56].

مۇئمىن شان - شۆھرەت ئۈچۈن، ياكى كىشىلەردىن خىجىل بولۇپ ياكى ئار - نومۇس ئۈچۈن ياكى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر ئىش قىلمايدۇ. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىلار باتۇركەن دېسۇن دەپ ياكى ئار - نومۇس ئۈچۈن ياكى ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئاللاھ يولىدا بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«كىمكى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، شۇ ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ»**

[56] ئەنئام سۈرىسى، 162 - ئايەت.

دەپ جاۋاب بەرگەن[57].

### 2) مۆئمىن تەۋھىدتە ئىخلاسمەندۇر

مۆئمىن ئېتىقادىنى ۋە تەۋھىدىنى پۈتۈن شېرىكلەردىن ساپ تۇتىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئاتاپ قان ئېقىتمايدۇ، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلمايدۇ، ئاللاھتىن باشقىسىغا نەزىر قىلمايدۇ، سېھىرگەر ۋە پالچىنىڭ يېنىغا بارمايدۇ، شۇمپال ئالمايدۇ، ياغاچ - تاش ۋە دەل -دەرەخلەردىن بەرىكەت تىلىمەيدۇ، قەبرىلەردىن ھاجەت تىلەپ بارمايدۇ.

شۇنىڭدەك، مۆئمىن قەلبىنى ئاللاھنىڭ باشقىسىغا باغلىنىپ قېلىشتىن پاك تۇتىدۇ، ئاللاھتىن باشقىسىدىن ياردەم تىلىمەيدۇ، ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمايدۇ، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، داۋاملىق ئاللاھقا قايتىدۇ، ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدۇ. پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ۋە ھۆكمىگە رازى بولىدۇ. ئاللاھ دوست تۇتقان كىشىنى دوست تۇتىدۇ، ئاللاھ دۈشمەن تۇتقان كىشىنى دۈشمەن تۇتىدۇ.

### 3) مۆئمىن ئىشىدا ئىخلاسمەندۇر

مۆئمىن نىيەت - مەقسەتلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئىخلاسمەن بولغىنىدەك، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى شۇ ئىشنىڭ شەرىئەتكە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىغا قارايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ**﴾[58].

پۈتۈن ياخشىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىدۇر.

---

[57] بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[58] ئەنئام سۈرىسى، 153 - ئايەت.

ئۇ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان پۈتۈن ئىشلارغا بۇيرۇپ، ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدىغان پۈتۈن ئىشلاردىن توسقان.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇئمىن ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلىدۇ.

مۇئمىن ھەرقانداق ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن: «بۇ ئىش كىم ئۈچۈن»؟ دەپ سورايدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش ئاللاھ ئۈچۈن بولسا، داۋام قىلىدۇ، بولمىسا تاشلاپ قويىدۇ.

بىر ئىشنى باشلىغاندا «بۇ ئىشتا شەرىئەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى قايسى شەكىلدە ئادا قىلغان؟» دەپ ئىزدىنىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر ئىككى ئامىل ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغان سالىھ ئەمەلنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن!**﴾[59].

# 2. مۇئمىن دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدۇ

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىش ئەنە شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەج ئەمەللىرىنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر**﴾[60].

شۇ ۋەجىدىن، مۇئمىن پەرز ئىبادەتلەرنى ئاللاھ بۇيرۇغان

[59] كەھف سۈرىسى، 110 - ئايەت.
[60] ھەج سۈرىسى، 32 - ئايەت.

شەكىلدە ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەپلە ئىبادەتلەرنىمۇ قىلىدۇ. ئۇ پەرز ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىشنىڭ ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئىنساننى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا بىر ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دەيدۇ: **«كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا يېقىنلىشىدىغان ئىبادەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەن پەرز قىلغان ئىبادەتلەردۇر. بەندەم ماڭا مەن پەرز قىلغان ئىبادەتتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىر ئىبادەت بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. بەندەم نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن نېمىنى سورىسا، چوقۇم بېرىمەن، مەندىن قانداق يامانلىقتىن پاناھلىق تىلىسە، ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىمەن»**[61].

مۇئمىن مەسچىتتە بىرىنچى سەپنى قولدىن بەرمەيدۇ، بەلكى دۇنيالىق ۋەسۋەسىلەردىن قەلبىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مەسچىتكە ئەزاندىن ئىلگىرى بېرىشقا ئالدىرايدۇ. نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە پۈتۈن دىققىتى بىلەن نامازغا يۈزلىنىدۇ. مۇشۇنداق سۈپەت بىلەن ئوقۇغان ناماز ئۇنى ناشايان قىلمىشلاردىن ۋە مۇنكەر ئىشلاردىن توسىدۇ.

مۇئمىن پەرز نامازلارنى ئادا قىلىپلا قالماي، سۈننەتلىرىنىمۇ، زىكىر - تەسبىھلىرىنىمۇ ۋە دۇئالىرىنىمۇ ئوقۇيدۇ. باشقا ئىبادەتلەرنىڭمۇ پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەپلىلىرىنى تەرك ئەتمەيدۇ.

---

[61] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

# 3. مۆئمىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، تەقدىرىگە رازى بولىدۇ

مۆئمىن پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۆئمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن!)**﴾[62].

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ئاللاھ بۇيرۇغان سەۋەبلەرنى قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنى تولۇقلايدۇ. چۈنكى، بىز تاقىتىمىز يېتىدىغان ئىشلاردا سەۋەبىنى قىلىشقا، تاقىتىمىز يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇلغان. مۆئمىن سەۋەب قىلغان تەقدىردىمۇ، قەلبى سەۋەبكىلا باغلىنىپ قالمايدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچى بەندە قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمكانىيىتىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردا ئاللاھقا تاياندىم دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش قەلبكە راھەت بېغىشلايدۇ ۋە كىشىنى تەسكىن تاپقۇزىدۇ.

سەھىيھۇلبۇخارىيدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا: «حسبنا الله ونعم الوكيل» دېگەن ئىكەن. كىشىلەر ئۇھۇد ئۇرۇشىدا: مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى جەڭگە تەييارلىنىۋېتىپتۇ، ئۇلاردىن قورقۇڭلار، دېگەن ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزمۇ: «حسبنا الله ونعم الوكيل» دېدى. ﴿**(مۇشرىكلارنىڭ تەرەپدارلىرى) مۆئمىنلەرگە: شەك - شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار! دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ**

[62] ئىبراھىم سۈرىسى، 11 - ئايەت.

**نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! دېدى﴿**[63].

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، پۈتۈن ئىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان مۇئمىن ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئىلمىنىڭ چەكلىك، ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە، پۈتۈن ياخشىلىق ئاللاھنىڭ تاللىشىدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار)**﴾[64].

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرۈشتىن بۇرۇن بولسا، تەقدىرگە رازى بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرگەندىن كېيىن بولىدۇ.

# 4. مۇئمىننىڭ ھەۋىسى ئازدۇر

مۇئمىن ھەر ۋاقىت ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دۇنيادا مۇساپىرغا ئوخشاش ياشايدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن ئىكەن: «بۇ دۇنيادا مۇساپىرغا ياكى يولۇچىغا ئوخشاش بولغىن!». ئىبنى ئۆمەر كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «كەچتە ساق بولساڭ، تاڭ ئېتىشىنى كۈتمىگىن! ئەتىگەندە ساق قوپساڭ، كەچنىڭ كېلىشىنى

[63] ئال ئىمران سۈرىسى، 173 - ئايەت.
[64] بەقەرە سۈرىسى، 216 - ئايەت.

كۆتمىگىن! ساقلىقىڭدىن كېسەللىكىڭ ئۈچۈن ئوزۇق ئالغىن! ھاياتىڭدىن ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن ئوزۇق ئالغىن!»[65].

مۇئمىن ھاياتقا ئوبيېكتىپ نەزەر سالىدۇ، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنىڭ ئۆلۈم بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مەسىلەن، ئارمىزدا كەلگۈسىگە ئىنتىلىپ ياشايدىغان، نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرى بار كىشىلەرمۇ بار ئىدى، ئەمما تۇيۇقسىز ئۆلۈم كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى، ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويدۇق. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: ھەر كۈنى: «پالان - پۈستان ۋاپات بولدى» دېيىلگەندەك، ھامان بىر كۈنى «ئۆمەر ۋاپات بولدى» دېيىلىدۇ.

# 5. مۇئمىن كۆڭلى باي، قانائەتچاندۇر

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ھەقىقىي بايلىق مال - ماتانىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، كۆڭۈل بايلىقىدۇر**»[66].

دېمەك، ھەقىقىي بايلىق كۆڭۈل بايلىقىدۇركى، ئىنسان باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ، باشقىلارنىڭ قولىدىكى مال - دۇنيا، ئەمەل - مەنسەپ، شان - شۆھرەت ياكى ئاياللارنى تەمە قىلمايدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىنى تەمە قىلغان كىشىنىڭ قەلبى شۇلارغا باغلىنىپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ، تەمە قىلىنغانلار ئالدىدا ئۆزىنى خار ھېس قىلىدۇ، خۇشامەت قىلىدۇ، ئورۇنسىز ماختايدۇ، ئۇلارنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، خۇشامەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتى بايدەك كۆرۈنسىمۇ، روھى

[65] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.
[66] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

نامرات، تەمەخور بولىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي پېقىرلىقتۇر. يەنە بەزىلەر قارىماققا پېقىردەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچكى دۇنياسى ئاللاھقا بولغان ئىشەنچكە تولغان. مانا بۇ ھەقىقىي بايلىقتۇر.

قانائەتچانلىق ۋە روھىي بايلىقنىڭ مۇئمىنگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى ئاللاھ تائالا دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرىنى ئارتۇق بەرگەن كىشىگە كۆز قىزارتماسلىق ۋە تەمە نەزىرىدە قارىماسلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بىز شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر**﴾[67].

قانائەتچان، كۆڭلى باي مۇئمىن رىزقىنىڭ چوقۇم ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە جەزم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان**﴾[68].

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئمىننىڭ كۆڭلى - كۆكسى توق، تەمكىن بولۇپ، دۇنيانى دەپ باشقىلار بىلەن جېدەل - ماجىرا قىلمايدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن رىقابەتلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى، ھەركىم ئۆز رىزقىنى يەيدۇ. ئاللاھ تائالا كالىغا، قويغا، ئوتقا ۋە باشقا مەخلۇقاتلارغا چوقۇنىدىغان دۈشمەنلىرىگە رىزىق بەرگەن يەردە، ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇئمىن بەندىلىرىگە قانداقمۇ رىزىق بەرمىسۇن؟!

قانائەتچان، كۆڭلى باي مۇئمىن دۇنياغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، مۇئمىن قەلبىنى دۇنيانىڭ مۇھەببىتىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن،

[67] تاھا سۈرىسى، 131 - ئايەت.
[68] ھۇد سۈرىسى، 6 - ئايەت.

دۇنيا ئالدىنى قىلغاندا كۆرەڭلەپ، كەينىنى قىلغاندا قايغۇرمايدۇ: ﴿ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەنگە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[69].

# 6. مۇئمىن ئىپپەتلىكتۇر

مۇئمىن ئىپپەتلىك بولۇپ، باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ھالى ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە سۈپەتلىگەندەكتۇر: ﴿ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير - ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمايدىغانلار ئۇلارنىڭ بىر نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ ئۇلارنى باي دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ﴾[70].

مۇئمىن ئەمەل - مەنسىپىدىن پايدىلىنىپ ھاجىتىنى راۋا قىلمايدۇ. كىشىلەر ئۇنى باي دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئۇ بەزىدە تۆزۈكرەك يېگۈدەك نەرسىمۇ تاپالمايدۇ، موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

# 7. مۇئمىن كەمتەردۇر

مۇئمىن كەمتەرلىكىدىن نەپسىگە پەرۋا قىلمايدۇ، نەپسىنىڭ دۇنيالىق نېسىۋىسىنى پۇتۇنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەن

[69] ھەدىد سۈرىسى، 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[70] بەقەرە سۈرىسى، 213 - ئايەت.

بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، كەمتەر مۇئمىنلەرنىڭ ئاجىز، مىسكىنلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغانلىقىنى، بىرى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ قالسا، چاقىرغان كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرتىۋىسى شۇنچىۋالا ئۈستۈن بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى كەمتەر زات بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ تائالا ئەيۆچان بەندىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. قانداق ئادەم ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ»**[71].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **«مەدىنىدىكى دېدەكلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتۇپ خالىغان يەرگە ئاپىراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى»**[72].

ئىمام ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقتىن كېيىن ئۈچ بارمىقىنى (يەنى باش بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە ئوتتۇرا بارمىقىنى) يالايتتى، باشقىلاردىن شەخسىي ئىنتىقامىنى ئېلىپ ئولتۇرمايتتى، ئايغى ۋە كىيىملىرىنىڭ يىرتىق جايلىرىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، ئائىلىسىگە قويلىرىنى سېغىپ بېرەتتى، تۆگىلىرىگە ھەلەپ بېرەتتى، خىزمەتكارلار ۋە مىسكىنلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، تۇل ئاياللارنىڭ ۋە يېتىم بالىلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلاتتى، ئۇچراشقانلارغا ئالدىدا**

[71] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[72] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

**سالام بىرەتتى، بىراۋ ھەرقانچە ئاددىي نەرسىگە تەكلىپ قىلسىمۇ، كۆڭلىنى يەردە قويمايتتى»**[73].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز: كەمتەرلىك دېگەن نېمە؟ دەپ سورالغىنىدا، «ھەقىقەتنى گەرچە كىچىك بالىدىن ياكى ئەڭ نادان ئادەمدىن ئاڭلىساڭمۇ، قوبۇل قىلىشىڭ كەمتەرلىكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

# 8. مۇئمىن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم ۋە مېھرىباندۇر

مۇئمىن مۇئمىنلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇلايىم ۋە كەمتەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سائا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن**﴾[74].

مۇئمىننىڭ باشقا مۇئمىن قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇلايىملىقى ئۇنىڭ نەپسى ئۈستىدىن قانچىلىك غەلىبە قىلالىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. نەپسىنىڭ تەبىئىتىدە (بولۇپمۇ ئاجىزلارنىڭ ئالدىدا) ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇش مايىللىقى بولىدۇ. مۇئمىن نەپسى ئالدىدا ئىنتايىن سەگەك بولۇپ، نەپسى خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ؛ قېرىنداشلىرىغا شۇ دەرىجىدە كەمتەر بولىدۇكى، ئۇلارغا مېھىر - شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

مۇئمىنلەر ئۆزئارا كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولغاچقا، ھەرقانداق بىرىگە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، ھەممىسى ئوخشاش بىئارام بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«مەن**

[73] تەھزىيبۇ مەدارىجۇس سالىكىين، 427 - بەت.
[74] شۇئەرا سۈرىسى، 215 - ئايەت.

نامازنى باشلىغان چېغىمدا ئۇزۇن ئوقۇماقچى بولىمەن - يۇ، ناماز ئارىلىقىدا بىرەر بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسام، ئانىسى بىئارام بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىسقا ئوقۇيمەن»[75].

# 9. مۇئمىن كاپىرلارغا شەپقەتسىزدۇر

مۇئمىن كاپىرلارغا شەپقەتسىز ۋە قاتتىق قولدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىق قول، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر...**﴾[76].

مۇئمىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ؛ تاغۇتلارنىڭ ئالدىدا قورقۇپ، تىترەپ قالماي، ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ ياشايدۇ؛ ئاللاھقا باغلانغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك تايانچقا تايانغان بولىدۇ؛ قۇرئانغا ئېسىلغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەگە تايانغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر**﴾[77].

# 10. مۇئمىن گۈزەل ئەخلاقلىقتۇر

گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ مۇكەممەللىكىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**مۇئمىنلەر ئىچىدىن**

---

[75] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[76] فەتھ سۈرىسى، 29 - ئايەت.
[77] ئال ئىمران سۈرىسى، 139 - ئايەت.

**ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنى ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل كىشىدۇر»**[78].

مۇئمىن ھەرقانداق شارائىتتا خۇشچىراي، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ تەلىماتى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ: **«قېرىندىشىڭ بىلەن ئۇچۇق چىراي كۆرۈشۈشكە چاغلىق بولسىمۇ، ھېچقانداق ياخشى ئىشنى كىچىك چاغلىما!»**[79].

مۇئمىن چىقىشقاق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشى، ھەمسۆھبەت بولغۇسى كېلىپلا تۇرىدۇ؛ ئادەتتە گېپى قاتتىق، قوپال بولماستىن، يۇمشاق، سىلىق - سىپايە بولغاچقا، كۆڭۈلگە يېقىن بولىدۇ.

مۇئمىن كىشىلەرگە خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىدۇ؛ پۇرسەت تاپسىلا باشقىلارغا ئارىلىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرىدۇ؛ ئەمما چاقچاقنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ؛ باشقىلارغا ئازار بەرمەيدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش راست گەپنىلا قىلىدۇ.

مۇئمىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك كەڭ قورساق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«ئېلىم - سېتىم قىلغاندا ۋە باشقىلاردىن ھەققىنى سۈيلىگەندە كەڭ قورساق بولغان كىشىگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن!»**[80].

مۇئمىن چاكىنا گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرىدۇ؛ خۇددى مېۋىنىڭ ئېسىللىرىنى تاللاپ يېگەندەك، گەپ - سۆزنىڭمۇ ئېسىللىرىنى تاللاپ قىلىدۇ؛ مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمنى قۇلىقىغا ياقمايدىغان قوپال سۆزلەر بىلەن رەنجىتمەيدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدىكى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ: **«مۇئمىن تۆھمەت قىلمايدۇ، لەنەت ئوقۇمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ ۋە ئېغىزىنى**

[78] تىرمىزىي رىۋايىتى.
[79] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[80] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

**بۇزمايدۇ»**[81].

مۇئمىن باشقىلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ ۋە مەنپەئەتنى قوغدايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«ھەر كۈنى (ئاداۋەتلىشىپ قالغان) ئىككى كىشىنى ياراشتۇرۇپ قويساڭ سەدىقىدۇر، بىرىگە ياردەملىشىپ ئۇلىغىغا مىندۇرۇپ قويساڭ ياكى يۈكىنى ئارتىشىپ بەرسەڭمۇ سەدىقىدۇر، ياخشى سۆز سەدىقىدۇر، ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە ئالغان ھەربىر قەدەم سەدىقىدۇر، كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىنى يولدىن ئېلىۋېتىشمۇ سەدىقىدۇر»**[82].

# 11. مۇئمىن ئاللاھ ئۈچۈن دوستلىشىدۇ

مۇئمىن ئاللاھ يولىدا دوستلىشىدۇ؛ بىرىنى ياخشى كۆرسە، پەقەت ئۇنىڭدا ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان سۈپەت تېپىلغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ؛ قېرىنداشلىرىنى شەخسىي ۋە دۇنيالىق غەرەزدىن خالىي ھالدا ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: **«بىرەيلەن باشقا كەنتتىكى بىر قېرىندىشىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىر پەرىشتىنى (ئىنسان قىياپىتىدە) ئۇنىڭ ئۆتەر يولىدا تۇرۇشقا بۇيرۇغان. مەزكۇر كىشى پەرىشتىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، پەرىشتە:**

**ــ قەيەرگە كېتىۋاتىسىز؟ ــ دەپ سورىغان. ئۇ:**

**ــ ئاۋۇ كەنتتە بىر قېرىندىشىم بار ئىدى، شۇنى يوقلاپ**

[81] ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.

[82] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

**كېلەيمىكىن دەپ كېتىۋاتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. پەرىشتە:**

**ـ ئۇنىڭدىن سىزگە يېتىدىغان بىرەر مەنپەئەت بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ:**

**ـ ياق، پەقەت مەن ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. پەرىشتە:**

**ـ مەن ئاللاھنىڭ سىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولىمەن. شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، سىز ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن قانداق ياخشى كۆرگەن بولسىڭىز، ئاللاھمۇ سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ، ـ دېگەن»**[83].

مۇئمىن قېرىنداشلىرىغا ۋاپادار، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ؛ باشقىلار ئۇنى تاشلىۋەتسىمۇ، ئۇ باشقىلارنى تاشلىۋەتمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا كىرگەن بىر ياشانغان ئايالدىن ھال - ئەھۋال سوراپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغاندا، ئەتراپىدىكىلەر ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**بۇ ئايال خەدىچە ھايات ۋاقتىدا ئۆيىمىزگە پات - پات كېلەتتى. شەكسىزكى، قەدىناسلىقنى قەدىرلەش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر**» دېگەن[84].

مۇئمىن قېرىنداشلىرىنى ياخشى كۆرۈپ، ۋاپادارلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئەلا بىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر: ﴿**ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز (مەنپەئەتى) دىنمۇ ئەلا بىلىدۇ، نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**﴾[85].

[83] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[84] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[85] ھەشر سۈرىسى، 9 - ئايەت.

يەرمۇك غازىتى بولغان كۈنى ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا سۇ كەلتۈرۈلگەندە، ھەممىسى ئېغىر يارىلانغان ھەم قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن تۇرۇپمۇ، سۇنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ، ھېچقايسىسى سۇ ئىچمەيلا ۋاپات بولغان. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن![86].

# 12. مۇئمىن زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىدۇ، مەھرۇم قىلغانغا بېرىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن كىشىگىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزىدۇ

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىلە! – دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئى ئۇقبە! سەن بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئالاقىسىنى ئۈزگەن كىشىگىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگىن، سېنى مەھرۇم قىلغان كىشىگە خەير - ئېھسان قىلغىن، زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلغىن!»**[87].

بۇلار نەپسنى قاتتىق كونترول قىلغاندىلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئادەتتە ئۆزىنى رەنجىتكەن، زۇلۇم قىلغان ياكى مەھرۇم قويغان ھەرقانداق كىشىنى ياقتۇرمايدۇ؛ ئەكسىچە مەزكۇر ئىشلارنى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ قىلىپ، يۇخادىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتىدۇ. لېكىن،

[86] ئىبنى كەسىر.
[87] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

مۇئمىن كىشى پەرۋەردىگارىنىڭ ئەپۇچانلىقىنى، كەچۈرۈۋېتىش ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە نەپسىنى ئەپۇچانلىققا، كەچۈرۈۋېتىشكە ۋە كەڭ قورساقلىققا قىستايدۇ.

# 13. مۇئمىن ئاچچىقىنى يۇتۇشنى بىلىدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغان، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغان، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنىمۇ كەچۈرىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[88].

غەزەپ ۋە ھاياجانلىق دەقىقىلەر ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ قىيىن پەيتلەر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىنساننىڭ ئۆزىنى كونترول قىلالىشى ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاچچىقىغا ھاي بېرىش مۇئمىننىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، دەل مۇشۇنداق چاغلاردا ئىنساننىڭ نەپسى ئۈستىدىن قانچىلىك غەلىبە قىلالايدىغانلىقى ئەكس ئېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«ھەقىقىي پالۋان چېلىشتا يەڭگۈچى ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان ئادەمدۇر»**[89].

مۇئمىن ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايدۇ، ئۆزى خاھىشىغا يانىباسمايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[88] ئال ئىمران سۈرىسى، 134 - ئايەت.
[89] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەخلاقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغاندىن باشقا چاغدا مەيلى ئايالى، مەيلى خىزمەتكارى ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسىگە قول ئۇزىتىپ باققان ئەمەس. باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىل - ھاقارەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەت ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن بىرەرسى دەپسەندە قىلىنىپلا قالسا، ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى**»[90].

# 14. مۇئمىن سەۋرچاندۇر

مۇئمىن ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا سەۋرچاندۇر. مۇئمىن سەۋرچانلىقنىڭ ئىماننىڭ يېرىمى ئىكەنلىكىنى، سەۋرچانلىق بىلەن مەقسەتكە يېتەلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

سەۋرنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بار:

**راھەتتىمۇ، جاپادىمۇ سەۋر قىلىش**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**مۇئمىننىڭ ئىشىغا ھەيرانمەن، چۈنكى پۈتۈن ئىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشىلىقتۇر. بۇ خىسلەت پەقەت مۇئمىنگىلا نېسىپ بولىدۇ: ئۇنىڭغا بىرەر خۇشاللىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر؛ ناۋادا بىرەر خاپىلىق يەتسە، سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر**»[91].

[90] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[91] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**تائەت - ئىبادەتتە سەۋر قىلىش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، ئىبادىتىگە چىدامىلىق بولغىن!**﴾[92].

**گۇناھ - مەسىيەتتىن ساقلىنىشتا سەۋر قىلىش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا: سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان، دەيدۇ**﴾[93].

**پېقىرچىلىق ۋە يوقسۇللۇقتا سەۋر قىلىش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ ۋە قەھەتچىلىك بىلەن، ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە زىيان - زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾[94].

**ھەقىقەت يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا سەۋر قىلىش**

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: سەۋرچانلىق ۋە ئىشەنچ دىندا پېشۋالىقتا يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: ﴿**ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان ۋە ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆز ئەمرىمىز بىلەن (باشقىلارنى) توغرا يولغا باشلايدىغان پېشۋالار قىلدۇق**﴾[95].

كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش سەۋرچانلىقتا موھتاج

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن**

[92] مەريەم سۈرىسى، 65 - ئايەت.
[93] رەئد سۈرىسى، 24 - ئايەت.
[94] بەقەرە سۈرىسى، 155 - ئايەت.
[95] سەجدە سۈرىسى، 24 - ئايەت.

**سىنىدۇق. سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەۋر قىلىڭلار) پەرۋەردىگارىڭ (سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن سەۋر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾**[96].

## جەننەتكە كىرىش سەۋرگە موھتاج

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) ئاللاھ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾**[97].

بەندە سەۋرچانلىق بىلەن پۈتۈن ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. سەۋرچانلىق نەپس بىلەن قىلىنغان جىھاد كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. نەپسىنى يېڭەلىگەن كىشى تائەت - ئىبادەتكە ۋە بۇ يولدىكى ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلالايدۇ. ئەمما، نەپسىنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغان كىشى سەۋرسىز، ھېچ ئىشقا سەۋر قىلالمايدىغان، چىدىماس، شىكايەتچى، ئاچچىقى يامان كېلىدۇ. ھالبۇكى، نەپسى بىلەن كۈرەش يولىدا يەتكەن خاپىلىقلارغا سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى ھېسابسىز بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ھېسابسىز ئەجىر بېرىلىدۇ﴾**[98].

# 15. مۇئمىن مۇلايىم ۋە تەمكىندۇر

مۇئمىن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە غەلىبە - نۇسرەت مەيدانىدۇر. مۇئمىن ئاچچىقى كەلگەندىمۇ ئېغىر - بېسىق

[96] فۇرقان سۈرىسى، 20 - ئايەت.
[97] ئال ئىمران سۈرىسى، 143 - ئايەت.
[98] زۇمەر سۈرىسى، 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇپ، تەمكىنلىكىنى يوقاتمايدۇ؛ باشقىلارنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ؛ كۆڭلىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ تۇرسىمۇ قاراملىق ۋە يەڭگىلتەكلىك قىلمايدۇ؛ نەپسىنى كونترول قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ؛ كۆكسى - قارنى كەڭ بولۇپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەنتەكلىك قىلمايدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشەج ئابدۇلقەيسكە مۇنداق دېگەن: **«سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان مۇنداق ئىككى خىسلەت بار: مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىك»**[99].

# 16. مۇئمىن ھەقنى سۆزلەيدۇ، ھەم بىلەنلا ياشايدۇ

مۇئمىن ھەقنى سۆزلەيدۇ؛ بۇ يولدا بېشىغا تۈرلۈك بالا - مۇسىبەت كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ يولىدا ھېچكىمنىڭ مالامىتىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاش ئۈچۈن نەپسى خاھىشىغا قارشى ھالدا ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ:

**«شېھىتلەرنىڭ سەردارى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن زالىم ھۆكۈمدارغىمۇ تېز پۈكمەي، ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسىمەن دەپ شۇ يولدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر»**[100].

مۇئمىن ھېچكىمگە قارىغۇلارچە يانباسمايدۇ، خۇشامەت قىلمايدۇ، ئۆزى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى زىيان تارتىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ھەقنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق

[99] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[100] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! خۇدالىق ئۇچۇن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى ياقلاشقا تىرىشىڭلار**﴾[101].

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئمىن خاتالاشقاندا نەسىھەت قىلىنسا، چوڭچىلىق قىلمايدۇ؛ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنماي، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ھەقىقەت قەيەردە بولسا، شۇ يەردە تۇرىدۇ.

مۇئمىن بەزىدە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقەت ئۈچۈن باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ؛ باشقىلارغا ئۆز قارىشىنى تېڭىشقا ئۇرۇنمايدۇ؛ ئۆز قارىشىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئۆز پىكرىنى ياقىلاۋەرمەيدۇ؛ ئەكسىچە، قارشى تەرەپنىڭ گېپى توغرا بولۇپ قالسا، شۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

مۇئمىن ھەقىقەتكە باغلانغان بولغاچقا، مەلۇم شەخس ياكى مەزھەپكە مۇتەئەسسىپلىك قىلمايدۇ؛ ھەقىقەت قەيەردە بولسا، شۇ يەردە بولىدۇ؛ ھەممىدە ھەقىقەتنى مىزان قىلىدۇ. كونىلاردا مۇنداق گەپ بار: «ھەقنى بىلگىنىڭ ھەقىقەتچىنى بىلگىنىڭدۇر». شۇڭا، مۇئمىن داۋاملىق پالان - پۇستان تەرەپتە ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت تەرەپتە تۇرىدۇ.

# 17. مۇئمىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان؛ ئاللاھقا ئىمان**

[101] نىسائ سۈرىسى، 135 - ئايەت.

**ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾**[102].

دېمەك، مۇئمىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھەر مۇئمىننىڭ ھالىغا يارىشا ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى؛ بۇ ۋاجىپنى تەرك ئەتكەنلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، چوقۇم سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىسىلەر. ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە بىر ئازاب ئەۋەتىدۇكى، ئۇ چاغدا ئاللاھقا دۇئا قىلساڭلارمۇ ئىجابەت بولمايدۇ»**[103].

مۇئمىن باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقاندا، بۇ ئىشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ يەنى مەلۇم بىر مۇنكەردىن توسۇش ئۇنىڭدىن چوڭراق مۇنكەرگە سەۋەب بولۇپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭدىن توسۇپ ئولتۇرمايدۇ؛ شۇنىڭدەك، مەلۇم بىر ياخشىلىققا بۇيرۇش ئۇنىڭدىن مۇھىمراق بىر ياخشىلىقنى تەرك ئېتىشكە سەۋەب بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا بۇيرۇمايدۇ.

كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئەمرىمەئرۇپنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز﴾**[104].

مۇئمىن دىنى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئاڭقىرىپ ياشايدۇ؛ ھازىر ئىسلامنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ كېچە - كۈندۈز بوغۇزلىنىپ، قانلىرى دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقانلىقىنى؛ ئەمما ئىسلامنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى

[102] ئال ئىمران سۈرىسى، 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[103] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.
[104] يۇسۇف سۈرىسى، 108 - ئايەت.

مۇداپىئە قىلىدىغان بىرمۇ دۆلەت يوقلۇقىنى ياخشى بىلىدۇ.

مۇئمىن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ زېمىندا قۇدرەت تېپىشىنىڭ بىردىنبىر يولى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىپ، دۇنيا قاينىمىغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىكەنلىكىگە چىنپۈتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلارغا خۇش بېشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ تائالا سەن ئارقىلىق بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى ساڭا قىزىل تۆگە (يەنى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك مال) بولغىنىدىنمۇ ياخشىدۇر»**[105].

ئائىلە ئىچىدە ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا تىرىشىشمۇ ئەمرىمەرۇپ - نەھيىمۇنكەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، مۇئمىن بالىچاقىلىرىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار**﴾[106].

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئمىن ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە تولۇق تەتبىقلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيى قۇرئان كەرىم ئوقۇلىدىغان ئۆيدۇر. ئۇ ئۆيدە ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان گەپ - سۆزلەر ئاڭلانمايدۇ؛ ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسە كۆرۈنمەيدۇ؛ داۋاملىق قۇرئان كەرىم ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەسەل ھەرىسىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىپلا تۇرىدۇ؛ ئۇلار خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا ئۇخلاپ، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا ئويغىنىپ ئاللاھ ئۈچۈن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيدۇ؛ سەھەرلەردە ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلەيدۇ؛ ياخشى ئىشلاردا بەسلىشىدۇ.

---

[105] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[106] تەھرىم سۈرىسى، 6 - ئايەت.

# 18. مۆئمىن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى ئاقلىمايدۇ

مۇئمىن نەپسىنى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن دەپ بىلگەچكە، ئۇنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ؛ پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**﴾[107].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھېسابقا تارتىلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭلار؛ ئەمەللىرىڭلار سىلەرگە تارتىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلار تارتىپ كۆرۈڭلار؛ چوڭ ھېساب كۈنى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار!».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ كۈندە سىلەر (ئاللاھقا ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، ھېچقانداق سىرىنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر**﴾[108].

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: **ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر تۇلۇم سۇ كۆتۈرۈپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:**

**– ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ساڭا بۇ ئىش قەتئىي ياراشماپتۇ، – دېسەم، ئۇ:**

**– قەبىلىلەرنىڭ ئۆمەكلىرى پەرمانبەردارلىق بىلدۈرۈپ ھۇزۇرۇمغا كەلگەندە، سەل پەخىرلەنگەندەك تۇيغۇدا بولۇپ**

[107] ھەشر سۈرىسى، 18 - ئايەت.
[108] ھاققە سۈرىسى، 18 - ئايەت.

**قالغان ئىدىم، شۇڭا نەپسىمنى ئەدەپلەپ قوياي دېدىم، ــ دېدى**[109].

مۇئمىن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ؛ ئۆزىنى ئاقلىمايدۇ؛ ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشاش ئاددىي بىر ئىنسان دەپ قارايدۇ؛ ئۆزىگە ئەنسىرەش، باشقىلارغا ئۈمىدۋارلىق نەزىرىدە قارايدۇ؛ ياشتا چوڭلارنى كۆرسە، ئۇنى ياخشى ئەمەللەردە ئۆزىدىن ئارتۇق دەپ ئويلايدۇ؛ كىچىكلەرنى كۆرگەندە، ئۆزىنى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك گۇناھكار دەپ ئويلايدۇ؛ بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەمەلىنىڭمۇ قوبۇل بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققىدىغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشىنىدىغان، پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر، سەدىقە بېرىدىغان ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر، ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى (باشقىلاردىن) ئىلگىرى قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر**﴾[110].

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

**ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئايەتتە «دىللىرى ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر» دېيىلگەنلەر ئوغرىلىق، زىنا ۋە ھاراق ئىچىش دېگەندەك گۇناھلارنى قىلغانلىقتىن ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەرمۇ؟ ــ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**ــ «ئۇنداق ئەمەس، ھەي سىددىقنىڭ قىزى! ئۇلار ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، سەدىقە بېرىپ تۇرۇپ، شۇ ئەمەللىرىنىڭ**

---

[109] تەھزىيبۇ مەدارىجۇس سالكىين، 429 ـ بەت.

[110] مۇئمىنۇن سۈرىسى، 57ــ61 ـ ئايەتلەر.

**قوبۇل بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشىلەردۇر»** – دەپ جاۋاب بەرگەن[111].

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناۋادا بىر پەرىشتە مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ: مەسچىتتىكى ئەڭ ناچار ئادەم چىقىپ كەتسۇن، دېسە، تۇنجى بولۇپ چىقىپ كېتىدىغىنى مەن بولاتتىم»**[112].

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ يۈزىگە ماختالغاندا مۇنداق دەيتتى: **«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھېلىھەم ھەر دائىم ئىسلامىمنى يېڭىلاپ تۇرۇۋاتىمەن، تېخىچە كامىل مۇسۇلمان بولغىنىم يوق»**[113].

# *19*. مۇئمىن ماختالغاندىمۇ، سۆكۈلگەندىمۇ ئوخشاشتۇر

مۇئمىن ماختاشنىڭ كۆڭۈل تەلپۈنۈپلا تۇرىدىغان شارابقا ئوخشايدىغانلىقىنى؛ ئۇنى ئىچسە، نەپسىنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ، كۆرەڭلەپ كېتىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بىر قېرىندىشىنى يۈزىگە ماختىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ: **«ۋاي ساڭا! قېرىندىشىڭنىڭ بوينىنى چېپىۋەتتىڭغۇ!»** دېگەن[114] يەنى قېرىندىشىڭنى يۈزىگە ماختاپ، ھالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ.

شۇڭا، مۇئمىن نەپسىنىڭ بۇ شارابنى ئىچىپ سالماسلىقى ئۈچۈن باركۈچى بىلەن تىرىشىدۇ؛ ناۋادا نەپسى ئۇنى ئىچىپ سالسا،

[111] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.
[112] سىفەتۇس سەفۋەھ 3 - توم، 375 - بەت.
[113] تەھزىيبۇ مەدارىجۇس سالكىين، 277 - بەت.
[114] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ماختالغاندىمۇ، سۆكۈلگەندىمۇ بىر خىل بولۇشقا؛ ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ، سۆككەنلەرگە قەلبىدە ئۆچ - ئاداۋەت ساقلىماسلىققا؛ ماختىغانلار ئالدىدا كۆرەڭلەپ كەتمەسلىككە تىرىشىدۇ.

# 20. مۇئمىن ھارامlاردىن ساقلىنىدۇ

مۇئمىن ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدۇ، گەپ توشۇمايدۇ، مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ، جاسۇسلۇق قىلمايدۇ ۋە ئۇلار ھەققىدە يامان گۇماندا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئەلۋەتتە ياقتۇرمايسىلەر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾[115].

مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ ۋە سىرىنى ساقلايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**قانداق ئادەم دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭمۇ ئەيىبىنى ياپىدۇ**»[116].

مۇئمىن سۆزنىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەچكە، ئاڭلىغاننىڭ ھەممىنى دەپ يۈرمەيدۇ، دېيىشكە تېگىشلىكنى ئېنىقلاپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**ئاڭلىغاننىڭ ھەممىنى**

[115] ھۇجۇرات سۈرىسى، 12 - ئايەت.
[116] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**دەپ يۇرۇش ئىنساننىڭ يالغانچىلىقىغا يېتەرلىكتۇر»**[117].

مۇئمىن ئارتۇق ئىشلارغا ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئىنساننىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى ئىسلامىنىڭ مۇكەممەللىكىدىندۇر»**[118].

# 21. مۇئمىن باشقىلارنى مەسخىرە قىلمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ

مۇئمىن بىر مۇسۇلمان ھەرقانچە گۇناھ - مەسىيەتكە چۆمۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى كەمسىتمەيدۇ، چۈنكى مۇئمىن بىراۋنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ھەممىگە نامەلۇم ئىكەنلىكىنى؛ ئاللاھ تائالا قەلبىدىكى كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقنى كۆرۈپ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋىتىشى مۇمكىنلىكىنى؛ ئەمما ئاسىي - گۇناھكارلارنىڭ قەلبىدىكى قورقۇنچ، غەمكىنلىك ۋە مىسكىنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارغا تەۋبە يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋىتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ تائالاغا كەمتەرلىك ۋە خارلىق ھېس قىلدۇرىدىغان گۇناھ مەغرۇرلاندۇرۇپ قويىدىغان تائەت - ئىبادەتتىن سۆيۈملۈكتۇر؛ كېچىسى تەۋبە قىلغان ھالدا ئۇخلاپ، ئەتىگىنى كېچىدە ئىبادەت قىلماي ئۇخلاپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلغان ھالدا تۇرغىنىڭ كېچىنى قىيامدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەتىگىنى مەغرۇرلانغان ھالدا تۇرغىنىڭدىن ياخشىدۇر؛ چۈنكى**

[117] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[118] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**تەكەببۇرنىڭ ئەمەلى قوبۇل قىلىنمايدۇ. كەمچىلىكىڭنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ كۆلگىنىڭ رىيا قىلىپ يىغلىغىنىڭدىن ياخشىدۇر؛ چۈنكى گۇناھكارلارنىڭ ئاھۇزارى رىياكارلىق بىلەن تەسبىھ ئېيتقۇچىلارنىڭ قوشاقلىرىدىن سۆيۈملۈكتۇر. بەلكىم ئاللاھ تائالا شۇ گۇناھ تۈپەيلى سەن ھېس قىلمىغان خەتەرلىك بىر كېسەلنى ئاشۇ گۇناھكاردىن تەۋبە ئارقىلىق چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن»**[119].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «**بىر ئىنساننىڭ قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا يېتەرلىكتۇر»**[120].

مۇئمىن ئۆزىگە ئەزىيەت بەرگەن بىر مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتكىمۇ كۈلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**سەن قېرىندىشىڭنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتتىن خۇرسەنلىك ئىزھار قىلما، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ سېنى سىناپ قويمىسۇن»**[121].

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئۇستازىم ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ يېنىغا ئۇنىڭغا قاتتىق ئەزىيەت بېرىپ، دۈشمەنلىك قىلغان بىر كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن خۇرسەن بولغىنىمنى ئىزھار قىلىپ كەلگىنىمدە، ئىمام مېنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ: «إنا لله وإنا إليه راجعون» دېدى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ تەسەللى بەرگەندىن كېيىن:

– قېرىندىشىمىز تۈگەپ كەتكەن بولسا، بىز ھايات. يارەمگە ئېھتىياجىڭلار چۈشسە، مەن خىزمىتىڭلارغا تەييار، – دېدى. ئۇلار بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى ۋە ئۇستازىمىزنىڭ بۇنداق

---

[119] تەھزىبۇ مەدارىجۇس سالكىين، 120 - بەت.
[120] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[121] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

قىلغىنىنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئالارنى قىلدى. ئاللاھ ئۇستازىمىزدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن!»[122].

مۇئمىن باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ؛ بىراۋغا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئۇنىڭدىن دەرھال كەچۈرۈم سوراپ، رازىلىقىنى ئېلىشقا ئالدىرايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«قانداق بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈش ياكى باشقا قانداقتۇر بىر ئەزىيەت بېرىش ئارقىلىق زۇلۇم قىلغان بولسا، تەڭگە - تىللا بولمايدىغان (قىيامەت) كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن رازىلىق ئېلىۋالسۇن! ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئەگەر سالىھ ئەمەلى بولسا، ئۇنىڭدىن قىلغان زۇلمىغا تۇشلۇق قىسمى تارتىۋېلىنىدۇ؛ ناۋادا سالىھ ئەمەلى بولماي قالسا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن زۇلۇمنىڭ مىقدارىچە ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ»**[123].

مۇئمىن ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئەمەل قىلىپ مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمنى مەسخىرە قىلمايدۇ ۋە ئۇنى پەقەت ياخشى كۆرىدىغان ئىسىم بىلەنلا چاقىرىدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچىلار (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش**

[122] تەھزىيبۇ مەدارىجۇس سالكىين، 437 - بەت.
[123] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

**نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيي قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر﴾**[124].

# 22. مۇئمىن راستچىلدۇر

مۇئمىن راستچىل بولۇپ، ھەرقانچە زىيان تارتسىمۇ يالغان سۆزلىمەيدۇ؛ يالغانچىلىق دەماللىقتا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغاندەك قىلسىمۇ، ئاقىۋەتتە ھالاك قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما راستچىللىق ئۇنىڭغا دەماللىقتا زىيان سالغاندەك قىلسىمۇ، ئاقىۋەتتە نىجاتلىقتا ئېرىشتۇرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. مەسىلەن، تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىدىن چۈشۈپ قالغان ساھابىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن راستچىللىق بىلەن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بىزگە ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇشقا تەۋسىيە قىلىپ: **﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾** دېگەن[125]. مۇئمىننىڭ راستچىللىقى ئاۋۋال ئۆزىگە بولغان سەمىمىيلىكىدىن باشلىنىپ، باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ؛ ئۇ گەپ - سۆزدە راستچىل، مۇئامىلىلىرىدە سەمىمىي بولۇپ، ساختىلىق، ئالدامچىلىق، خىيانەت قىلمايدۇ؛ يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ.

مۇئمىن ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، راستچىللىقى ئۇنى نىپاقتىن يىراق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ؛ ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلىدۇ؛ ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلىدۇ»**[126].

[124] ھۇجۇرات سۈرىسى، 11 - ئايەت.
[125] تەۋبە سۈرىسى، 119 - ئايەت.
[126] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# 23. مۇئمىن ئەستايىدىل ۋە ئالىي ھىممەتلىكتۇر

مۇئمىن پۈتۈن ھاياتىدا ئەستايىدىل بولۇپ، ئىشلىرىنى چىنلىق بىلەن قىلىدۇ، جىددىي ۋاقىتتا بىھۇدە ئىش قىلمايدۇ، بوشاڭلىق ۋە سۆرەلمىلىك قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ ئىشلارغا جىددىي قارايدۇ: ﴿**سىلەرگە (دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار، دېگەن ئىدۇق**﴾[127].

مۇئمىن كۈچلۈكتۇر، جىسمانىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق، زىيانلىق ئىشلاردىن يىراقتۇر؛ ئىرادىسىمۇ پولاتتەك مۇستەھكەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئاجىز مۇئمىندىن كۈچلۈك مۇئمىن ئاللاھقا سۆيۈملۈكتۇر. ئەمما، ھەرئىككىسىدە ياخشىلىق بار. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قولدىن بەرمە، ياردەمنى پەقەت ئاللاھتىنلا سورا، بوشاڭلىق قىلما! بىرەر يامانلىق يەتسە، ‹كاشكى، مۇنداق قىلغان بولسام، ئۇنداق بولاركەن› دېمەي، ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئاللاھ خالىغاننى قىلىدۇ، دېگىن! چۈنكى، ‹كاشكى› دېگەن سۆز شەيتاننىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ»**[128].

مۇئمىن پۈتۈن ئىشلىرىدا كەسكىندۇر. ئۇنىڭ تەۋرىنىپ ياكى ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرمەيسەن. بىر ئىشقا قەدەم بېسىشتىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەيدۇ (ئاللاھتىن ياخشىلىق تىلەپ، ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلىدۇ)، ئەتراپىدىكى

[127] بەقەرە سۈرىسى، 63 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[128] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىرىنداشلىرىغا مەسلىھەت سالىدۇ، ئىنىق بىر قارارغا كەلگەندە ئىككىلەنمەي قەدەم باسىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن! ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾[129].

مۇئمىن روھلۇق ۋە ئاكتىپتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئىنسانلارغا ئارىلىشىپ ياشايدۇ، ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىدۇ، خۇشاللىقلىرىغىمۇ، قايغۇلىرىغىمۇ جور بولىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى بىرلىكتە ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلالايدىغان مۇئمىن كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ۋە ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلالمايدىغان مۇئمىندىن كۆپ ياخشىدۇر**»[130].

ئالىي ھىممەتلىك بولۇش مۇئمىنىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشقا، جەننەت ۋە ئۇنىڭ نازۇنېمەتلىرىگە باغلانغاندۇر. رەبىيئە ئىبنى كەئب ئەسلەمي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ خىزمىتىدە بولاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:**

**– «سورىغىن!» – دېدى. مەن:**

**– ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتتىمۇ ساڭا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن، – دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**– «باشقا تەلىپىڭ يوقمۇ؟» – دەپ سورىۋىدى، مەن:**

**– يوق، ئى رەسۇلۇللاھ! – دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

---

[129] ئال ئىمران سۈرىسى، 159 - ئايەت.

[130] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

**– «ئۇنداقتا، سەجدىنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق نەپسىڭگە قارشى ماڭا ياردەملەشكىن!» –** دېدى[131].

ئىماننىڭ مۇكەممەل بولۇشى قۇرۇق ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئەمەس، بەلكى جىهاد قىلىش، تىرىشىش ۋە داۋاملىق ئەمەل قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئاللاھ ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار تاپالمايدۇ، ئەر - ئاياللاردىن مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾**[132].

مۆئمىن ئالىي ھىممەت ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ، نىشانىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ؛ دەسلەپتە بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇنۇشتىلا مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ئولتۇرمايدۇ؛ قايتا - قايتا مەغلۇپ بولسىمۇ، ھارماي - تالماي قايتا - قايتا تىرىشىدۇ؛ چۈنكى، ئۇ غەلىبىنىڭ ئاسان قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەر تۆكۈپ، سەۋرچان بولۇش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

شەرەپ سەن يەۋاتقان خورما ئەمەس، سەۋر قىلمىغۇچە شەرەپكە يېتەلمەيسەن.

[131] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[132] نىسائ سۈرىسى، 123—124 - ئايەتلەر.

مۇئمىن كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئالىي ھىممەتلىك بولۇش ۋە ئۈزلۈكسىز غەيرەت كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئۇنى بىھۇدە زايە قىلىۋەتمەسلىك كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ بىھۇدە ئىش قىلمايدۇ، ئەكسىچە داۋاملىق دىنى ياكى دۇنيالىقى ئۈچۈن ئالدىراشلىق ئىچىدىلا ئۆتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**(ئى پەيغەمبەر! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن!**﴾[133].

ۋاقىت – ھايات دېمەكتۇر، ئۇ ئىنساننىڭ ساپ دەسمايىسىدۇر. زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدە ئويلانغان كىشى مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ ۋاقىتىدىن ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھېچ نەرسىگە ئۆمرۈم كېمىيىپ، ئەمەلىم كۆپەيمىگەن بىر كۈنىنىڭ كەچ بولغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك پۇشايمان قىلىپ باقمىدىم».

# 24. مۇئمىن قولى ئوچۇق، سېخىيدۇر

مۇئمىن قولىدا بار نەرسىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سېخىيلارچە سەرپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير - ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير - ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزلىمەيسىلەر)، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)**﴾[134].

[133] ئىنشىراھ سۈرىسى، 7 - ئايەت.
[134] بەقەرە سۈرىسى، 272 - ئايەت.

مۆئمىن باي - باياشات ۋاقىتتىلا ئەمەس، قىيىنچىلىق ۋە يوقسۇللۇقتىمۇ داۋاملىق خەير - ئېھسان قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغانلاردۇر...**﴾[135].

مۆئمىن مېلى ياكى ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بىرەر ئىش قىلسا، بۇ دۇنيالىق ھەرقانداق ماددىي - مەنىۋى مەنپەئەت ياكى باشقىلارنىڭ رەھمەت ئېيتىپ، ماختىشىنى تەمە قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ ساۋابىنىلا كۈتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۆئمىنلەر ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ، (ئۇلار ئېيتىدۇ:) سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز**﴾[136].

مۆئمىن قىلغان خەير - ئېھسانغا ھەرگىز مىننەت قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا تۇزكورلۇق قىلمايدۇ، بەلكى ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ، پەسكەشلىكتىن يىراق تۇرىدۇ، ھۆرمەتلىگەننى ھۆرمەتلەيدۇ، ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالماي، رەھمەت ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**ئاللاھنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ پاناھلىق تىلىگەن كىشىگە پاناھلىق بېرىڭلار، سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە سىلەرمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار!**»[137].

# 25. مۆئمىن ئوتتۇراھالدۇر

مۆئمىن پۈتۈن ھاياتىدا ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ، ئىسلامنى

[135] ئال ئىمران سۈرىسى، 134 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[136] ئىنسان سۈرىسى، 7–8 - ئايەتلەر.
[137] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ ئەمەل قىلىدۇ، بىر تەرەپكە ئەمەل قىلىپ، يەنە بىر تەرەپكە سەل قارىمايدۇ، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**... ھەقىقەتەن سەندە جىسمىڭنىڭمۇ ھەققى بار، كۆزۈڭنىڭمۇ ھەققى بار، سېنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭمۇ ھەققى بار، ئايالىڭنىڭمۇ ھەققى بار**»؛ يەنە بىر رىۋايەتتە «**... ھەر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەرگىن!**» دېيىلگەن[138].

مۇئمىن ھەر ئىشقا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ ھېكمەتنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ، پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند - نەسىھەت ئالىدۇ**﴾[139].

مۇئمىن كىچىكنى چوڭايتىپ، چوڭنى كىچىكلىتىۋەتمەيدۇ، مۇھىم ئىشنى ئاۋۋال قىلىدۇ، مەكرۇھتىن قېچىپ، ھارامنى قىلمايدۇ، نەپلە ئىبادەتكە چىڭ ئېسىلىپ، پەرز ئىبادەتنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئىبادەتلەرىدە ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ، يول ئۇزۇن بولغاچقا، ئۆزىنى چامى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**ھەقىقەتەن بۇ دىن ئاساندۇر. كىمكى دىننى قىيىنلاشتۇرۇۋالىدىكەن، ئۇ مەغلۇپ بولىدۇ...**»[140].

مۇئمىن يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلەردىمۇ ئوتتۇراھالدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئادەمزات! ھەر نامازدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى يېپىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**﴾[141].

[138] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.
[139] بەقەرە سۈرىسى، 269 - ئايەت.
[140] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.
[141] ئەئراف سۈرىسى، 31 - ئايەت.

مۆئمىن خەير - ئېھسانلاردىمۇ ئۈتتۈراھالدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەتتە ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ**﴾[142].

مۆئمىننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە چەك - چېگراسى ئېنىق بولۇپ، پەقەت ياخشى ئىشلاردىلا ئارىلىشىپ، يامان ئىشلاردا ئايرىلىدۇ، گۇناھ - مەسىيەتلەردە ماسلىشىپ بەرمەيدۇ.

مۆئمىن ئىشلارغا باھا بېرىشتىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ، ھېچ ئىشقا ھېسسىياتچانلىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ، بەلكى ئىشلارنى ئەقلى بىلەن ئۆلچەيدۇ، باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىشتا ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ، مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمنى دەلىل - پاكىتسىز پاسىق دەپ قارىمايدۇ.

مۆئمىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان ئوتتۇراھال ئۈممەتنىڭ بىر ئەزاسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادىل ۋە ياخشى ئۈممەت قىلدۇق**﴾[143].

# 26. مۆئمىن پەرھىزكاردۇر

مۆئمىن ھەرقانداق ئەھۋالدا پەرھىزكار بولۇپ، ھالالنى ئىزدەيدۇ؛ ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، شەرىئەتتە مۇباھ بولغان نۇرغۇن نەرسىلەردىنمۇ يىراق تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە

[142] فۇرقان سۈرىسى، 67 - ئايەت.

[143] بەقەرە سۈرىسى، 143 - ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر (يەنى مەنئى قىلىنغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىن يولىماڭلار!**﴾[144].

ئاللاھ هارام قىلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەتراپىدا شۈبھىلىك مەلۇم دائىرە بولۇپ، مۆئمىن ھەتتا شۇنىڭدىنمۇ يىراق تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**ھەقىقەتەن ھالالمۇ ئاشكارا، ھارامىمۇ ئاشكارىدۇر، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم شۈبھىلىك ئىشلار بار بولۇپ، ئۇنى كۆپىنچە كىشىلەر بىلەلمەيدۇ. كىمكى ئاشۇنداق شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلىنىدىكەن، دىنىنى ۋە ئىپپىتىنى پاكلىغان بولىدۇ؛ كىمكى ئۇ شۈبھىلىك ئىشلارغا يېقىنلىشىدىكەن، هارامغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق كىشى پاسىلدىن ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان پادىنى پاسىلنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاتقان ئادەمگە ئوخشاشتۇر**»[145].

مۆئمىن يېمەك - ئىچمەكلىرىدە ھالالنى تاللاپ، ھالال ۋە ساپ بولغاندىن باشقىنى يېمەيدۇ؛ تىجارىتى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا ھالالنى تاللايدۇ.

مۆئمىن ئىككىلىنىپ، شەكتە قالغان ئىشنىمۇ تەرك ئېتىدۇ. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى يادلىۋالغان ئىدىم: «**شەك قىلغان ئىشنى قويۇپ، شەك قىلمىغان ئىشنى قىلغىن!**»[146].

سۇفيان سەۋرىي مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلىقنى بىلمەك نېمىدېگەن ئاسان! كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلغان نەرسىنى تەرك ئەتكىن، تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇدۇر»[147].

---

[144] بەقەرە سۈرىسى، 187 - ئايەت.
[145] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[146] تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.
[147] تەھزىيبۇ مەدارىجۇس سالكىين، 290 - بەت.

# 27. مۆئمىن ئاللاھ يولىدا پىداكاردۇر

مۆئمىن ئاللاھ يولىدا مال - مۈلكىنى، ۋاقتىنى، پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ھەتتا نەپسىنىمۇ قۇربان بېرىدۇ. گوياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغاندا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇققا بويسۇنغاندەك؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ۋەتەنلىرىنى، ماللىرىنى ۋە ئائىلىلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلغاندەك.

سۇھەيب رۇمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئالساق، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەككىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، قۇرەيش كاتتىباشلىرى ئالدىمنى توسۇپ:

– سەن مەككىگە كەلگىنىڭدە مال - مۈلكۈڭ يوق بىر يالاڭتۆش ئىدىڭ، ئەمدى مال - دۇنيالىرىڭنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچىمۇ؟ ئۇنداق ئىش يوق، – دېيىشتى. مەن:

– مال - دۇنيالىرىمنى سىلەرگە بەرسەم، كېتىشىمگە يول قويامسىلەر؟ – دېسەم، ئۇلار:

– شۇنداق، – دېيىشتى. مەن ئۇلارغا مال - دۇنيالىرىمنى تاشلاپ بېرىپ مەدىنىگە كەلگىنىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم:

– «سۇھەيب پايدا ئاپتۇ، سۇھەيب پايدا ئاپتۇ» – دېدى[148]. مۇنۇ ئايەت سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان: ﴿**بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر**﴾[149].

[148] مۇختەسەر ئىبنى كەسىر، 1 - توم، 184–185 - بەتلەر.
[149] بەقەرە سۈرىسى، 207 - ئايەت.

مۆئمىن ئاللاھ بىلەن سودىلىشىپ، ئۇنىڭ رازىلىقى ۋە جەننىتى بەدىلىگە جېنى ۋە مېلىنى سېتىۋەتكەن. شۇڭا، ئۇ ۋاقتى، تىرىشچانلىقى، مېلى ھەتتا جېنىنىمۇ ئاللاھتىن ئايىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، **ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەكرەك ۋاپا قىلغۇچى بارمۇ؟ (يەنى ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ھېچكىم يوق). قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر**﴾[150].

ئىككى مەنپەئەت توقۇنۇشۇپ قالغاندا، مۆئمىننىڭ داۋاملىق دىنىي مەنپەئەتنى دۇنيالىق مەنپەئەتتىن ئەلا كۆرگەنلىكى ئۇنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن پىداكار بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۆئمىن پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى تەرك ئېتىپ، شەخسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كويىدا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە**

[150] تەۋبە سۈرىسى، 111 - ئايەت.

كۈتۈۋاتقانلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[151].

# 28. مۇئمىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ

مۇئمىن ھەر ۋاقىت جىھاد مەيدانىغا چاقىرغۇچىنىڭ دەۋىتىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ نەپسىنى يېڭىپ، ئاللاھقا سېتىۋەتكەن. ئۇنىڭ بۇ سودىسىنىڭ سەممىيلىكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئارزۇسىدا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇش دېگەن بەزىدە ئۆلۈمگە ئاپىرىدۇ. نەپسىنىڭ تەبىئىتى ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش ۋە مەڭگۇ ياشاشنى ئارزۇ قىلىشتۇر. نەپسىنى ھەقىقىي ساتقانلار ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قېلىشىنى ئەمەس، بەلكى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئمىن كىشى جىھادقا چاقىرغۇچىنىڭ نىداسىنى كۈتۈپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئىشتىياق باغلاپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، **ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى بارمۇ؟ (يەنى ئاللاھتىنمۇ ئەھدىسىگە ۋاپادار ھېچكىم يوق). قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر**﴾[152].

[151] تەۋبە سۈرىسى، 24 - ئايەت.
[152] تەۋبە سۈرىسى، 111 - ئايەت.

# 29. مۇئمىن ھەقتە مۇستەھكەم تۇرىدۇ

مۇئمىن ھەر دائىم ھەقتە مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ھەقتىن ئېزىپ كەتمەيدۇ، ھېچقاچان ھەقىقەتتىن يالتايمايدۇ، چۈنكى ئىنسان ئاز - ئازدىن يالتىيىپ ئادەتلىنىپ قالسا، ئاخىر بېرىپ كۆپتىن ھەتتا ھەممىسىدىن يالتىيىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

مۇئمىن ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام بايرىقىنى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالدا مۇھاپىزەت قىلىدۇ، تاكى بايراقنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ساق -سالامەت تاپشۇرغانغا قەدەر چۈشۈرمەيدۇ، بۇ ئىش تا قىيامەتكە قەدەر شۇنداق داۋاملىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۇركۈم كىشىلەر ھەق ئۈستىدە غالىب ھالدا تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر ئۇلارغا ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»**[153].

ئۈممىتىمىزنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار ئادەم بۇ دىنىنىڭ بىزگە مۇشۇنداق ساپ - ساغلام ۋە ئوچۇق ھالدا يېتىپ كېلىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى، ئاندىن قالسا تارىختىن بىرى جاللاتلارنىڭ قامچىلىرى ۋە كويزا - كىشەنلىرىنىڭ ئازابى قورقۇتالمىغان، يۈز - ئابرۇي ۋە مال - دۇنيا ھەۋىسى ئالدىيالمىغان، ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرغان ئەزىمەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشقا ئاشقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ ھەق دەۋەتنى تەرك ئەتمىگەنلىكى ئۇچۇن ھەر تۈرلۈك تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىپ كار قىلمىغاندىن كېيىن، تاغىسى ئەبۇ تالىبقا تەھدىت سېلىپ، بېسىم ئىشلەتكەنلىكى

[153] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىقىغا يەتكەندە، تاغىسىغا مۇنداق دېگەن:

«ئەي تاغا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مېنى بۇ يولدىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمدا ئاينى قويغان تەقدىردىمۇ، بۇ يولدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن. يا ئاللاھ دىنىنى غالىب قىلىدۇ، يا مەن مۇشۇ يولدا جان بېرىمەن»[154].

# 30. مۇئمىن نام - ئاتاقـقا ھەۋەس قىلمايدۇ

مۇئمىن باشقىلارغا ئورنىنى بىلدۈرمەسلىككە، كۆپچىلىك ئارىسىدا ئولتۇرغاندىمۇ خۇددى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاددىي بىرىدەكلا كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن تالانتىنى ئىزھار قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. لېكىن، بۇ نەپسكە قىيىن بىر ئىشتۇر، چۈنكى نەپسنىڭ ئەڭ چوڭ نېسىۋىسى باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈك ۋە ئەۋزەللىك ھېس قىلىشتۇر. نەپسكە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئاتايىن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ماختاشلىرىدىنمۇ چوڭ ئىش بولمىسا كېرەك. شۇ ۋەجىدىن، مۇئمىن كىشى داۋاملىق باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يىراق ھالدا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشىدۇ.

بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسچىتكە كىرىپ، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنىگدىن:

– ھەي مۇئاز! نېمىگە يىغلاۋاتىسەن؟ – دەپ سورىغاندا، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

– مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

[154] سىيرەت ئىبنى ھىشام.

ئاڭلىغان ئىدىم: **«ھەقىقەتەن كىچىككىنە رىيامۇ شېرىكتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا يوق چاغدا يوقلانمايدىغان، بولسا ھېچكىم تونۇمايدىغان، قەلبلىرى ھىدايەت چىراغلىرىغا ئوخشايدىغان، ناتونۇش تەقۋادار بەندىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلار ھەرقانداق زۇلمەتلىك پىتنىلەردىنمۇ قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ»**[155].

مۇئمىن پەرزدىن باشقا ئىبادەتلەرنى مۇمكىنقەدەر مەخپىي قىلىشقا، كىشىلەرگە بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يىراق، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆرمىگەن ئىبادەتتە ئىخلاس بولىدۇ. مۇئمىن باشقىلار بىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ماختىشى، ھۆرمەتلىشى ياكى چوڭ بىلىپ كۆتۈرۈشى ئارقىلىق ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىشلار نەپسنى كۆرەڭلەشكە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ چاغدا نەپس ئىنساننى داۋاملىق كىشىلەرنىڭ ماختاش ۋە ھۆرمەتلىشىنى كۆزلەپ ئەمەل قىلىشقا قۇترىتىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ سالىھلار ئىبادەتلىرىنى مەخپىي تۇتۇشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر غازاتقا چىقتۇق. ھەر ئالتەيلەن بىر تۆگىگە دەملىشىپ مىنەتتۇق. پۇتلىرىمىز قاپىرىپ، تېشىلىپ كەتتى. مېنىڭ ئىككى پۇتۇممۇ تېشىلىپ، تىرناقلىرىممۇ چىقىپ كەتتى. بىز پۇتلىرىمىزغا لاتا تېڭىۋالغان ئىدۇق. شۇ سەۋەبتىن، بۇ ئۇرۇش «زاتىررىقا» يەنى «لاتىلىقلار غازىتى» دەپ تونۇلغان.**

**ئەبۇ بۇرەيدە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھادىسىنى پەقەت بىر قېتىملا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قىلغانلىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغاندەك قايتا سۆزلەپ بەرمىگەن**[156].

[155] تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان.
[156] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# 31. مۇئمىن ئەمەل - مەنسەپتىن قاچىدۇ

مۇئمىن ئىمكانقەدەر ئەمەل - مەنسەپتىن قاچىدۇ، مەنسەپنى يېقىن يولاتمايدۇ. چۈنكى، مەنسەپنىڭ دەردى ئېغىر، پىتنىسى يامان بولۇپ، ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن، نەپس مەنسەپكە ئىنتايىن ئامراق.

مۇئمىن نەپسنى ياخشى تونۇيدىغان بولغاچقا، قاتتىق دىققەت قىلىدۇ؛ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ، قەلبىدە مەنسەپنى يامان كۆرۈش خاراكتېرى يېتىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مەنسەپكە ھېرىسمەنلىكتىن ۋە ئۇنى تەلەپ قىلىشتىن توسقان. چۈنكى، مەنسەپنى تەلەپ قىلغان كىشى دۇنيا ئۈچۈن تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەر مەنسەپكە ھېرىسمەنلىك قىلىسىلەر، ئەمما ئۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە ھەسرەت - نادامەت بولىدۇ»**[157].

مۇئمىن مەنسەپنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ قالسا، ھاياتى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ؛ غەمگە پېتىپ، زېھنى چېچىلاڭغۇ، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مەنسەپنى قوبۇل قىلغاندىكى ھالى بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت كەلگەن كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، دېسەم، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن.

مەنسەپ تۇتۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قورقۇش داۋاملىق ئالالھتىن ياردەم تىلەشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇئمىننى باشقان ھەربىر قەدىمىنى قاتتىق ئويلىنىپ بېسىشقا؛ ئۆز پىكرىنىلا ياقىلىماستىن، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىشقا؛ چوڭ - كىچىك ئىشلاردا ئۆزىدىن داۋاملىق ھېساب ئېلىپ تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

---

[157] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

مۆئمىن شۇنداق ئىنسانكى، مەنسەپتىن يىراق تۇرۇشنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنسەپتىن ئايرىلغان كۈنى ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك كۈندۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر ئەمىرلىككە ئائىت سۆزلەردۇر. ئەمما، ئەسكەرلىككە نىسبەتەن، ياخشى ئىشلا بولىدىكەن، مۆئمىن كۆڭلى خالىغان - خالىمىغان ھەر ئىشتا ئەمىرگە ئىتائەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«مۇسۇلمانغا كۆڭلى خالىغان ۋە خالىمىغان ھەر ئىشتا ئەمىرگە قۇلاق سېلىش ۋە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپتۇر، پەقەت گۇناھ - مەسىيەتكە بۇيرۇلغاندىلا ئەمىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقىمۇ، ئىتائەت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ»**[158].

مۆئمىنگە ئەمىرنىڭ كىم بولۇشى مۇھىم ئەمەس يەنى ئەمىرنىڭ يېشى، نەسەبى، تەقى - تۇرقى ياكى ئەمەل - مەنسىپىگە قارىمايدۇ؛ ئۆزىنى ئەمىرگە سېلىشتۇرمايدۇ. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «**ھەقىقەتەن دوستۇم (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ماڭا قۇلاق بۇرۇنلىرى كېسىۋېتىلگەن، كۆرۈمسىز بىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى تاپىلىدى»**[159].

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەمىر بولغان كىشى نەسەبى ھەرقانچە ئاددىي، قۇلاق - بۇرۇنلىرى كېسىۋېتىلگەن، زەڭگى قۇل بولغان تەقدىردىمۇ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى، دېمەكچى».

---

[158] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[159] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# 32. مۇئمىن ھەسەتخور بولمايدۇ

مۇئمىن نەپسى بىلەن جىھاد قىلىپ، ئۇنى ئۆزى ئۇچۇن ياخشى كۆرگەننى باشقىلار ئۇچۇنمۇ ياخشى كۆرۈشكە كۆندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، مۇئمىن ئاللاھ بىراۋغا ياخشىلىق ئاتا قىلسا، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلمايدۇ، ئەلبەتتە باشقا مۇسۇلمانلارغا غۇم ساقلىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**...ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۇچۇن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ...**﴾[160].

مۇئمىن ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇئمىنلەرگە ياراشمايدىغانلىقىنى ۋە سالىھ ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «**ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك، ھەسەتخورلۇقمۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى يەپ كېتىدۇ**»[161].

# 33. مۇئمىن مەغرۇر بولمايدۇ

مۇئمىن ئاللاھ ئىنئام قىلغان نېمەت بىلەن مەغرۇرلانمايدۇ؛ داۋاملىق ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ قولىدىكى نېمەتلەرگە ئۆز تالانتى ۋە قابىلىيىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن دەپ ئويلىمايدۇ؛ داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ھەر زامان پەرۋەردىگارىغا موھتاجلىقىنى، ئاللاھ تائالا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئۆزىنى تاشلاپ قويسا، ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

[160] ھەشر سۈرىسى، 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[161] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، مۇئمىنگە ھەرقانداق ياخشىلىق يەتسە، ئۇ ئاللاھتىندۇر؛ پۈتۈن ئىلتىپات ۋە ئېھسانلار ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئمىن ئىبادەتلىرى، ئەمەل - مەنسىپى، ئىجتىمائىي ئورنى، نەسەبى ۋە ئىلمى بىلەن مەغرۇرلانمايدۇ؛ مۇشۇ ئىشلارنى شېپى كەلتۈرۈپ كىشىلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى، مۇئمىن كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشىنىڭ پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)**﴾[162].

مۇئمىن نەپسىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۆزىنى تەقۋادارلىق سۈپىتىدىن خېلىلا يىراق دەپ قارايدۇ؛ شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ھەرقانچە باي بولۇپ كەتسىمۇ، ئىلمىي ئۇنۋانى ۋە ئەدەبىي مەرتىۋىسى ھەرقانچە يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇۋالمايدۇ.

مۇئمىن مەغرۇرلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىپ، شۇلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار ماڭغان يولدا ماڭمايدۇ. مەسىلەن، ئىبلىس ئىبادىتىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئىبادەتلىرى تۈپەيلى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىنى مەرتىۋىلىك چاغلاپ، ئاللاھ تائالا ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇغاندا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقاچقا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلاندى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ (ئىبلىسقا): سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا، نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟ دېدى. ئىبلىس: مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ، دېدى**﴾[163].

---

[162] ھۇجۇرات سۈرىسى، 13 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[163] ئەئراف سۈرىسى، 12 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا قارۇنغا تاغلارغىمۇ ئېغىر كەلگۈدەك كۆپ بايلىق ئاتا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «ئاللاھتىن قورققىن، بۇ ماللارنى ساڭا ئىنئام قىلغان پەرۋەردىگارىڭغا شۈكۈر ئېيتقىن!» دېيىلگەندە، ئۇ: ﴿**مەن بۇ بايلىققا ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن ئېرىشتىم...**﴾ دېگەن[164].

ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ ﴿**قارۇننى ئۇنىڭ قەسىرلىرى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىرەر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى**﴾[165].

# 34. مۇئمىن تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ

مۇئمىن ھاكاۋۇر بولمايدۇ. مۇئمىن ئايەتتە بايان قىلىنغان مۇنۇ سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ...**﴾[166].

مۇئمىن تەكەببۇرلۇقنىڭ جەننەتكە كىرىشتىن توسىدىغان ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ، تەكەببۇرلارنىڭ ئىللەتلىرىدىن يىراق تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا تەكەببۇرلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقى ۋە قوللىمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى مېنىڭ ئايەتلىرىمدىن يىراقلاشتۇرىمەن...**﴾[167].

[164] قەسەس سۈرىسى، 78 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[165] سۈرە قەسەس سۈرىسى، 81 - ئايەت.
[166] فۇرقان سۈرىسى، 63 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
[167] ئەئراف سۈرىسى، 146 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەكسىزكى، جەننەت تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارغا ھارام قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«قەلبىدە زەررە چاغلىق تەكەببۇرلۇق بولغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.»**[168]

ئىمام ئەبۇ ھامىد غەززالىي مۇنداق دەيدۇ: «تەكەببۇرلۇقنىڭ جەننەتكە كىرىشكە توسالغۇ بولۇشىنىڭ سەۋەبى: تەكەببۇرلۇق ئىنسان بىلەن گۈزەل ئەخلاق ئارىسىدىكى پەردىدۇر، ھالبۇكى گۈزەل ئەخلاق جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدۇر. تەكەببۇرلۇق جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقايدۇ. چۈنكى، ئىنسان مەغرۇر بولسا، ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرەلمەيدۇ؛ تەقۋادار بەندىلەرنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلىتى بولغان كەمتەرلىك، ئاداۋەت قىلماسلىق، داۋاملىق راستچىل بولۇش، غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئاچچىقىنى يۇتۇش، ھەسەت قىلماسلىق ۋە باشقىلارغا ئىللىق نەسىھەت قىلىش قاتارلىق پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە قۇربى يەتمەيدۇ. مۇئمىندە مەغرۇرلۇقلا تېپىلىدىكەن، باشقىلارنى كەمسىتىشتىن ۋە غەيۋەت قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ؛ غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ناچار قىلمىشلارنى قىلىدۇ؛ غۇرۇرنى دەپ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ»[169].

سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر ەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا سول قولىدا تاماق يېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

**– «ئوڭ قولۇڭدا يېگىن!» – دېگەن. ئۇ:**

**– مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، – دېگەن يەنى تەكەببۇرلۇقى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشتىن توسۇپ قالغان.**

[168] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[169] ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىن، 3 - توم، 344–345 - بەتلەر.

**سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىشى قولىنى شۇ كۆتۈرەلمىگەنچە، چولاق بولۇپ قالغان ئىكەن**[170].

مۇئمىن تەكەببۇرلۇقتىن يىراقتۇر. ئۇ كوچا - كويلاردا كۆرەڭلەپ ماڭمايدۇ، باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا غادىيىۋالمايدۇ. دوكتور ئابدۇرراھمان ھەبەنىكە مۇنداق دەيدۇ: «غادىيىپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن، مەغرۇرانە مېڭىش؛ يۈزىنى ئۆزگە گەپ قىلىۋاتقان ئادەمدىن باشقا ياققا بۇرىۋېلىپ قاپىقىنى تۈرۈش؛ ھېلى ئۇياققا - ھېلى بۇياققا قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن مېڭىش؛ تەكەببۇرلۇقتىن كىيىمنى سۆرەپ كىيىش؛ گەپ قىلغاندا زورۇقۇپ گەپ قىلىش... قاتارلىقلار تەكەببۇرلۇقنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، كۆزگە ئىلماسلىق، كۆز قىسىپ مازاق قىلىش، ئەيىبلەش، كەمسىتىش، ئاددىي - ساددا، پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ گېپىنى ياراتماسلىق، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشتىن ۋە بىرگە ئولتۇرۇپ يەپ - ئىچىشتىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇش، ئۆز پىكرىنىلا ياقىلاپ تۇرۇۋېلىش، ھەقىقەت ئاشكارا تۇرسىمۇ خاتا پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش قاتارلىقلارمۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر»[171].

# 35. مۇئمىن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ

مۇئمىن داۋاملىق سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ئالدىراشچىلىقتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىنى، قېرىلىقتىن بۇرۇن ياشلىقىنى، ئاغرىپ قېلىشتىن بۇرۇن ساقلىقىنى غەنىيمەت بىلىدۇ، پەزىلەتلىك ماقاملارغا يەتكۈزىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پازىللاردىن يېزىلىش ئۈچۈن،

[170] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[171] ئىسلام ئەخلاقى، 1 - توم، 732—733 - بەتلەر.

ئەمەللەردىن ھېچبىرىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقتا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇئمىنلەر!) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار**﴾[172].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**مۇنۇ يەتتە ئىش كېلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىۋېلىشقا ئالدىراڭلار: سىلەر ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان يوقسۇللۇقنى؛ ئىنسانىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ، ئىبادەتلەرگە سەل قاراشقا ئاپىرىدىغان بايلىقنى؛ بەدەننى چىرىتىپ، پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كېسەللىكنى؛ ئەقىلدىن ئاداشتۇرىدىغان قېرىلىقنى؛ تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئۆلۈمنى؛ كۈتۈلۈۋاتقان ئەڭ يامان مەخلۇق دەججالنى ۋە قىيامەتنى كۈتۈۋاتامسىلەر؟ قىيامەت ھەممىدىن قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىكراقتۇر**»[173].

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «**بىلگىنكى، بىرەر ئىشنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنى مۇتلەق تەرك ئەتمەستىن، شۇ ئەمەلنى قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇش ئۈچۈن، ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ قىلىشى كېرەك**». **پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى بىرەر ئەمەلگە بۇيرۇسام، ئۇنى چامىڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار، ئەمما بىرەر ئىشتىن چەكلىسەم، ئۇنىڭدىن مۇتلەق يېنىڭلار»**[174].

شۇ ۋەجىدىن، مۇئمىن ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى**﴾[175].

---

[172] بەقەرە سۈرىسى، 148 - ئايەت.
[173] ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.
[174] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[175] ئىسرا سۈرىسى، 23 - ئايەت.

مۇئمىن ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئائىلەڭلەردىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغىنىڭلاردۇر»**[176].

مۇئمىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سىلە - رەھىم قىلىدۇ. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىرەيلەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە تۈرتكە بولىدىغان بىرەر ئەمەلنى دەپ بەرسىلە! – دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغىن، نامازنى ئەركانلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلغىن، مېلىڭ زاكات ئۆلچىمىگە يەتسە، زاكات بەرگىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا سىلە - رەھىم قىلغىن!»**[177].

مۇئمىن قوشنىلىرىغا خەير - ئېھسان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، بىر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭغا قوشنىسى مىراسخور بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم»**[178].

مۇئمىن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار**﴾[179].

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىرەيلەن:

---

[176] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.
[177] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[178] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[179] جۇمۇئە سۈرىسى، 10 - ئايەت.

– ئەي رەسۇلۇللاھ! ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرى كۆپىيىپ كەتتى (مەن بولسام بىر ئاجىز ئادەممەن). شۇڭا مەن چىڭ ئېسىلىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىلە، – دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«تىلىڭ داۋاملىق ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن نەمدىلىپ تۇرسۇن!»**[180].

مۇئمىن ئۇخلىغاندا، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، ئۆيدىن چىققاندا، ئۆيگە كىرگەندە، مەسچىتكە بارغاندا، تاھارەت ئالغاندا، يېڭى ئاي كۆرگەندە، يامغۇر ياغقاندا، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پاتقاندىن كېيىن، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغاندا، قىسقىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىكىر ۋە دۇئا ئوقۇغان پۈتۈن ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ، ئەسلەپ تۇرىدۇ.

مۇئمىن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا ۋە ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار قۇرئان كەرىمنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»**[181].

مۇئمىن سالامنى قانات يايدۇرىدۇ، كېسەل يوقلايدۇ، مېيىت نامىزىغا قاتنىشىدۇ، چۈشكۈرگۈچىگە: ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاجىزغا ۋە قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كېسەل يوقلاش، مېيىت نامىزىغا قاتنىشىش، چۈشكۈرگۈچىگە: ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، دەپ جاۋاب بېرىش، ئاجىزغا غەمخورلۇق قىلىش، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىش، سالامنى قانات يايدۇرۇش ۋە قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىشتىن**

[180] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.
[181] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

**ئىبارەت يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى»**[182].

مۇئمىن ئىلىمگە ھېرىسمەن بولغانلىقتىن، داۋاملىق ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىدۇ، ئىلمىي كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئىلىم ئىزدەپ چىققان كىشى تاكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئاللاھ يولىدا بولىدۇ» يەنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ**[183].

**مۇئمىن يەنە مۇنۇ سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىدۇر:**

**– چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدۇ، ئالىملارنى ئۇلۇغلايدۇ.**

**– سۇ ۋە ھاۋا سوغۇق ۋاقىتلاردىمۇ تاھارەتنى كامىل ئالىدۇ.**

**– مەسچىتتە نامازنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئەزاننى تەكرارلايدۇ.**

**– نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدۇ، بىرىنچى سەپتە تۇرۇشقا تىرىشىدۇ، تەكبىر تەھرىيمىي (باشلاش تەكبىرى) نى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ.**

**– نامازغا تۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، قۇرئان ئوقۇشتىن ئىلگىرى، تاھارەت ئالغاندا ۋە ئاغزى پۇراپ قالغاندا مىسۋاك قىلىدۇ.**

**– جۈمە نامىزىغا بالدۇر بارىدۇ.**

**– دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى، ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرى يەنى قەمەرىيە ئېيىنىڭ 13 -، 14 - ۋە 15 - كۈنلىرى؛ ئاشۇرا ئېيىنىڭ 9 - ۋە 10 - كۈنلىرى؛ زۇلھەججە**

---

[182] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[183] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى 10 كۈنى، بولۇپمۇ ئەرەپات كۈنى ۋە شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتىدۇ.

– رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى 10 كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ.

– كىيىم - كېچەكتە ئىسلامىي قىياپەتلەرنى كىيىشكە دىققەت قىلىدۇ.

– بۇرۇتنى قىرقىش، ساقالنى قويۇش، مىسۋاك ئىشلىتىش، بۇرۇننى چايقاش، ئېغىزنى چايقاش، تىرناق ئېلىش، بوغۇملارنى ۋە كىر يىغىلىپ قالىدىغان ئورۇنلارنى يۇيۇش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى ئېلىش، ئەۋرەتنى چۈشۈرۈش ۋە ئىستىنجا قىلىش قاتارلىق تۇغما سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ.

– ئۆزىنىڭ كەسپى بولغان ھۈنەر - سانائەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدۇ.

– جىسمانىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

– ئىبرەت ئېلىش ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەش ئۈچۈن قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىدۇ.

– توي قىلغاندا دىندار، تەقۋادار ئايالنى تاللايدۇ.

– ياخشىلىق ۋە پەزىلەتنى ئۆز ئەھلىگە مەنسۇپ قىلىدۇ.

– ئۆزرىخاھلىق ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

– ئاخشىمى تاھارەت بىلەن ياتىدۇ.

– قىلغان ئىشىنىڭ خەيرلىك ۋە بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئىستىخارە نامىزى ئوقۇيدۇ.

# 36. مۇئمىن ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ

مۇئمىن ھارام ياكى مەكرۇھ ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. ئىلگىرىكى پېشۋالاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەكرۇھلار ئىنسان بىلەن ھارام قىلىنغان ئىشلار ئارىسىدىكى بىر داۋاندۇر. مەكرۇھ ئىشلارنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭ ھارام ئىشلارغا يولى راۋان بولىدۇ».

**مۇئمىن كىشى يەنە:**

**– ئوغرىلىق قىلمايدۇ، زىنا - پاھىشە قىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋالمايدۇ.**

**– نامەھرەمدىن كۆزىنى يۇمىدۇ.**

**– ئالدامچىلىق، سۇيىقەست ۋە خىيانەت قىلمايدۇ.**

**– ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلمايدۇ.**

**– تۆھمەت قىلمايدۇ، بىگۇناھ كىشىلەرگە لەنەت ئوقۇمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ.**

**– مۇسۇلمانلارنى كەمسىتمەيدۇ، مەسخىرە قىلمايدۇ.**

**– شۇمپال ئالمايدۇ.**

**– ئەقىلسىز، ئەخمەق بولمايدۇ.**

**– ھېچكىمگە ھىيلە - مىكىر قىلمايدۇ.**

**– باشقىلارغا كۆپ تاپا - تەنە قىلمايدۇ.**

**– باشقىلارنى گۇناھ بىلەن ئەيىبلىمەيدۇ.**

**– قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزمايدۇ، قېرىندىشى توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىزغا خېرىدار بولمايدۇ.**

– شەھۋانىي ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلىمايدۇ.

– ھاكاۋۇر بولمايدۇ.

– ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلىمەيدۇ.

– كۆپ كۈلمەيدۇ.

– ئۆزى بىلمەيدىغان بىرەر ئىش ھەققىدە سورالسا، بىلمەيمەن دېيىشتىن تارتىنىپ ئولتۇرمايدۇ.

– كۆپ قاقشىمايدۇ، ئورۇنسىز غەزەپلەنمەيدۇ.

– قېرىنداشلىرىغا قارىتا كۆڭلىدە غۇم ساقلىمايدۇ.

# 37. مۇئمىن قىلغان ئىشلىرىدا ئاللاھتىن ساۋاب كۈتىدۇ

مۇئمىن ئەمىلىنىڭ ساۋابىنى ئاللاھتىن كۈتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋابى ھەرگىز بىكار كەتمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن ئىشلىرىدا ئاللاھتىن ساۋاب بېرىشىنى سورايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ يولىدا قىلغان خەير - ئېھسانلىرىدا ئاللاھتىن ساۋاب كۈتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير - ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير - ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)...**﴾[184].

مۇئمىن ئۆتكەن نامىزى، تۇتقان روزىسى ۋە باشقا ئىبادەتلىرىدە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ ۋە ساۋاب**

[184] بەقەرە سۈرىسى، 272 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ رامىزان روزىسىنى تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ»**[185].

ئۇ ئىسلام ئۈچۈن قىلغان جىھادلىرىدىمۇ ئاللاھتىن ساۋاب كۈتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا - مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۇستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ**﴾[186].

مۇئمىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ھەق يولىدا يەتكەن بارچە ئەزىيەتلەردە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ**﴾[187].

مۇئمىنگە بىراۋ زۇلۇم قىلىپ، تاجاۋۇز قىلسا ياكى ھەققىنى تارتىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىمۇ ھەرگىز بوش قويمايدىغانلىقىنى ۋە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى كۆرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۆمرى قانچىلىك ئۇزۇن بولسۇن، ھامان ئۆلۈم بىلەن ئاياغلىشىدۇ ۋە دۇنيانىڭ ھاياتى قانچىلىك ئۇزۇن بولسۇن، ئاخىرى يوقايدۇ ۋە

---

[185] ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[186] تەۋبە سۈرىسى، 120 - ئايەت.
[187] ئال ئىمران سۈرىسى، 172 - ئايەت.

ھەممىسى ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ توختايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر**﴾[188].

قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قۇرۇق قول، ئار - نومۇس ۋە رەسۋالىق بىلەن كەلگەن كىشى بىلەن قىلغان ئەمەللىرىدە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بەك چوڭدۇر.

# 38. مۇئمىن داۋاملىق تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرىدۇ

مۇئمىن ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا تائەت - ئىبادەت قىلىپ بولالمىدىم دېگەن ئوي بىلەن داۋاملىق تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**ئەي ئىنسانلار! ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار ۋە گۇناھىڭلارغا مەغفىرەت تىلەڭلار! ھەقىقەتەن مەن ھەركۈنى 100 قېتىم تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرىمەن**» دېگەن تۇرسا، **مۇئمىن قانداقمۇ شۇنداق قىلمىسۇن؟!**[189].

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كەسكىن ئىرادىلىك ۋە پەم - پاراسەتلىك كىشىلەر تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئەڭ كۆپ ئىستىغفار ئېيتىدىغانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تائەت - ئىبادەتنى لايىقىدا قىلىپ بولالمىدۇق، دەپ قارايدۇ».

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھەج - تاۋاپ

[188] نەجم سۈرىسى، 42 - ئايەت.
[189] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلغۇچىلارنى ھەجىنىڭ ئەڭ مۇھىم رۇكنىلىرىدىن بىرى بولغان ئەرەپات تېغىدا تۇرۇپ چۈشكەندىن كېيىن مەغفىرەت تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاندىن كېيىن سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾[190].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر، سەھەرلەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچىلاردۇر**﴾[191].

ھەسەن بەسرىي رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سەھەر ۋاقتىغا قەدەر ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلەپ ئولتۇرىدۇ».

بىر سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: **«اللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ ياذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ»، مەنىسى: «ئى ئاللاھ! سەن سالامدۇرسەن يەنى پۈتۈن ئەيىب - نۇقسانلاردىن خالىيدۇرسەن ۋە سالامەتلىك سەندىنلا تەلەپ قىلىنىدۇ. ئى كاتتىلىق ۋە مەرھەمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ! سەن ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە بەرىكەتلىكتۇرسەن»**[192].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا نەسر سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئىستىغفار ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كېلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن،**

[190] بەقەرە سۈرىسى، 199 - ئايەت.
[191] ئال ئىمران سۈرىسى، 17 - ئايەت.
[192] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**ھەمدە ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾**[193].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇشۇ سۈرە ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەجىلىنىڭ توشقانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى ئۇققان.

تەۋبە قىلىش ھەربىر شەخسكە پەرز ئەين بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىھاجەت ئەمەس. چۈنكى، بەندە ئەزا - ئورگانلىرىنىڭ گۇناھ - مەسىيەتلىرىدىن ساقلىنالمايدۇ؛ ئۇنىڭدىن ساقلانغان تەقدىردىمۇ، كۆڭلى گۇناھ - مەسىيەتكە تەلپۈنۈشتىن ساقلىنالمايدۇ؛ ئۇنىڭدىنمۇ ساقلانغان تەقدىردە، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلىنالمايدۇ؛ ئۇنىڭدىن ساقلانسا، ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بىلىشتە كەمچىلىك ۋە غاپىللىقتىن ساقلىنالمايدۇ. ئۇلار گەرچە بۇ كەمچىلىكلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، ھەممىسى تەۋبىگە موھتاج. ئاۋام خەلقنىڭ تەۋبىسى گۇناھ سادىر قىلغانلىقتىن، خاس بىر قىسىم بەندىلەرنىڭ تەۋبىسى غەپلەتتە قالغانلىقتىن، ئەڭ خاس بەندىلەرنىڭ تەۋبىسى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا كۆڭلى مايىل بولۇپ قالغانلىقتىن بولىدۇ.

ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزلىرىنى تەۋبىدىن بىھاجەت دەپ قارىمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسكە قاراڭ: ئۇ مۇنداق دېگەن: «**قەلبىمدە بەزىدە بىر خىرەلىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ھەقىقەتەن مەن ھەر كېچە - كۈندۈزدە 70 قېتىم مەغفىرەت تىلەيمەن**»[194].

ناۋادا تەۋبىدىن بىھاجەت بولالايدىغان؛ دۈشمەندىن، نەپسىنىڭ شۇملۇقىدىن، شەيتاننىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن خاتىرجەم

[193] سۈرە نەسر، 1ـ3 ـ ئايەتلەر.
[194] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولالايدىغان؛ شەرەپلىك ماقامى، پاكلىقى ۋە ئاللاھقا بولغان يېقىنلىقىدىن مەغرۇرلىنالايدىغان بىرى بار دېيىلسە، ئۇ ئەلۋەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالام بولاتتى. ھالبۇكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنۇ تاكى ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر ئۆزىنى تەۋبىدىن بىھاجەت دەپ قارىمىغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾[195].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆزىنى دوستلۇققا تاللىغانلىقى ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى بولغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنى تەۋبىدىن ۋە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بىچارىلىكىنى ئىزھار قىلىشتىن بىھاجەت ھېس قىلىپ باقمىغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى، سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن**﴾[196].

[195] بەقەرە سۈرىسى، 37 - ئايەت.

[196] بەقەرە سۈرىسى، 128 - ئايەت.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## رەھىمدىللىقىمىزغا نەزەر

ئىلگىرىكى بۆلۈملەردە غەلىبىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى ۋە ئۇنىڭغا لايىق مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە توختالدۇق. ئەمدى ئۆزىمىزگە نەزەر سېلىپ باقايلى! بىزدە ئاشۇ سۈپەتلەر بارمۇ - يوق؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال مەن ئۆزۈمگە ۋە سىلەرگە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەنكى، بىز يۇقىرىدا نۇسرەت بېرىلىپ، قۇدرەت تاپقۇزۇلغان مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلگەن بۇ سۈپەتلەر ئەنە شۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئۇلار ئەنە شۇنداق كەسكىن كۈرەشلەرنى قىلىش ئارقىلىق نەپسىنى پاكلاپ، چېنىقتۇرۇپ، كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىپ ئۇنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن يېنىشنى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن.

ناۋادا بىز ئۇلار بىلەن ئارىمىزدىكى پەرقنى بىلەيلى دەيدىكەنمىز، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى غەلىبە - نۇسرەتكە ئېرىشكەن مۇئمىنلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ بېقىشىمىز لازىم. چۈنكى، بىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىمىز ئىچكى دۇنيايىمىزنى ۋە قەلبىمىز بىلەن نەپسىمىز ئارىسىدا قانچىلىك كۈرەش بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر.

شۇنىسى مۇھەققەقكى، نەپسى بىلەن كۈرەش قىلمىغان ئادەمنىڭ چۈلۋۈرى نەپسىنىڭ قولىدا بولىدۇ؛ نەپسى ئۇنى خالىغان شەكىلدە، خالىغان يەرگە باشلايدۇ؛ نەتىجىدە ئۆزى بىلەن غەلىبە - نۇسرەتكە لايىق بولغان مۇئمىنلارنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىنى ھېس قىلىدۇ.

ھەركىم نەپسى بىلەن قانچىلىك كۈرەش قىلغان بولسا، شۇنچىلىك نەتىجە ئالىدۇ. نەپسى بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئۇنى تەقۋادارلىققا كۆندۈرەلىگەن بولسا، ئۆزىنىڭ غەلىبە - نۇسرەتكە لايىق مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئىلگىرىكى بۆلۈملەردە بايان قىلىنغان ئاللاھنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى بىزنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمىمىزدۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەم، ئارىمىزدىكى پەرقنىڭ بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

– نەپسىمنىڭ راھەتكە ئامراق، جاپا - مۇشەققەتكە ئۆچلىكىنى بايقىدىم. شۇ ۋەجىدىن، نەپسىمنىڭ داۋاملىق تەكبىر تەھرىيمە يەنى بىرىنچى تەكبىرنى ۋە بىرىنچى سەپنى قولدىن بېرىش ھەتتا بىرىنچى جامائەت ئۆتۈپ كەتكۈچە جامائەتتىن كېچىكىش ئۈچۈن سەۋەب ئىزدىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

– قاچان نەپلە روزا تۇتماقچى بولسام، نەپسىم ماڭا روزا

تۇتماسلىق ئۈچۈن نۇرغۇن باھانە - سەۋەبلەرنى تاپقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

– نەپسىمنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى ۋە دۇنيالىق قىزىقىشلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى، شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ ماڭا بەرگەن رىزىققا رازى بولمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

– نەپسىم داۋاملىق يەنە بولسا دەيدىكەن، باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە قولىدىكى مال - دۇنياغا قاتتىق ھەۋەس قىلىدىكەن.

– نەپسىمنىڭ ھەقنى ئوچۇق سۆزلەشتىن قورقىدىغانلىقىنى، ياشتا چوڭ، پېشقەدەملەرنىڭ نەسىھەتلىرىدىن مېنى ئىتتىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– ناھايىتى تېزغەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، تېززىرىكىدىغانلىقىمنى ۋە جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىمنى بايقىدىم.

– ماڭا زۇلۇم قىلغان، مېنى رەنجىتكەن مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

– ئەھمىيەتسىز، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىشنى ياقتۇرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

– پايدىسىز، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ۋاقىتنى زايە قىلىدىغان سورۇنلاردا ئولتۇرۇشنى ياقتۇرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

– ئۆزى باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئېغىر كۆرىدىغان، ئەمما باشقىلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇشقا ھېرىسمەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

– مەن ماختاشقا لايىق بولاي - بولماي، باشقىلار مېنى ماختىسا ئېچىلىپ يايراپ كېتىدىغانلىقىمنى، ئەكسىچە بىرى مېنى تەنقىدلەپ قالسا، قورۇنۇپ - سىقىلىپ كېتىدىغانلىقىمنى

ھېس قىلدىم.

– بىرى مېنى رەنجىتىپ قالسا، قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– نەپسىمنىڭ مەن بىلمەيدىغان بىرەر مەسىلە ھەققىدە پەتىۋا سورالغىنىمدا، بولۇپمۇ مېنى بىلىملىك دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مېنى «بىلمەيمەن» دېيىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– بىراۋ بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە نەپسىمنىڭ مۇنازىرىدە مېنىڭ يېڭىلىشىمنى خالايدىغانلىقىنى، قارشى تەرەپنىڭ خاتالىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– خاتالىشىپ قېلىپ، كەچۈرۈم سوراشقا تېگىشلىك يەردە نەپسىمنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– بىرەر سورۇندا ئولتۇرسام، نەپسىمنىڭ ئۇ سورۇندا پەقەت مېنىڭلا گەپ قىلىشىمنى؛ بارچە پاراڭلارنىڭ مېنىڭ ئۇتۇقلىرىم ھەققىدىلا بولۇشىنى؛ باشقا بىرى گەپ قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا گەپنى تارتىۋېلىشىمنى خالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– كۆپ قېتىم مەن نەپسىمنىڭ ئاللاھ مېنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئىشلارنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشكە تەلپۈنگەنلىكىنى كۆردۈم؛ بارچە ياخشىلىقلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– ئاللاھ تائالا مېنى بىرەر كىشىگە ياخشىلىق قىلىشقا سەۋەبچى قىلغان بولسا، نەپسىمنىڭ مەندىن شۇ كىشىگە مىننەت قىلىشىمنى؛ پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقنى يۈزىگە

سېلىشىمنى تەلەپ قىلغانلىقىنى؛ نـاۋادا ئۇ كىشىدىن ماڭا قارىتا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتۈپ قالسا، نەپسىمنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق سىقىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

– نەپسىمنىڭ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى توغرا كۆرسىتىپ، ئۆزى ئالىيجاناب كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خاتالىشىشىنى كۈتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– نەپسىمنىڭ ئىنتايىن بېخىل، مال - دۇنياغا ھېرىسمەنلىكىنى؛ تۇرمۇشنىڭ تارچىلىقى ۋە يوقسۇللۇقتىن قورقۇتۇپ، مېنى دۋاملىق ئاللاھ يولىدا خەير - ئېھسان قىلىشتىن يىراقلاشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– نەپسىمنىڭ ئىشلارنى باھالىغاندا، ئەقلىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالماي، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

– بىرەر قارار چىقارغاندا، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە ۋە نەتىجىسىگە پەرۋا قىلماي، ئالدىراپ قارار چىقىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مانا بۇلار مەن ئۆزۈمدە بايقىغان بىر قىسىم كەمچىلىكلەردۇر. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئاللاھنىڭ نۇسرىتى ۋە غەلىبىسىنىڭ شەرتى بولغان تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن خېلىلا يىراق ئىش - ھەرىكەتلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. تۆۋەندە بىز شۇلاردىن بىرقانچىسىگە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى:

1. بەزىلەر ئىبادەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئادا قىلىشقا سەل قاراپ، داۋاملىق رۇخسەتلەرنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى پەقەت ئىرادىلىك كىشىلەر ئارقىلىقلا پۇت تىرەپ تۇرىدۇ.

2. بەزىلەر نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا سەل قارايدىغان،

بىرىنچى سەپىنىڭ قولدىن كېتىشىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

3. سەھەردە ئىستىغفار ئېيتىش ۋە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشلار ئازىيىپ، كېچىلەر قىيامدا تۇرغۇچىنىڭ ئازلىقىدىن پەرياد چېكىدىغان بولۇپ قالدى.

4. مەسچىتلەر بامدات نامىزىغا كەلگۈچىلەرنىڭ ئازلىقىدىن شىكايەت قىلسا، جامائەتتە بىرىنچى سەپكە قىزىقىش، جۈمە نامىزىغا بالدۇر بېرىشقا قىزىقىش بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ۋە ئۈنىڭدىن باشقا پەزىلەتلىك كۈنلەردە روزا تۇتۇش كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى.

5. بەزىلەر مۇنازىرە مەسىلىسىنى توغرا چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ. ھالبۇكى، مۇنازىرىنىڭ سەۋەبلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، ساھابىلەرمۇ، ئۇلاردىن كېيىنكى پېشۋالارمۇ ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشقان، ئەمما بۇ مۇنازىرە ئۇلارنى بىر - بىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىپ، بىر - بىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن توسۇپ قالمىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر غېمى ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش، بىرلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان ياكى ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى رەت قىلىش ئىدى. ئاللاھ ئۈچۈن قېرىنداش بولۇش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قەلب بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەجبۇرىيەت ئىدى.

ئەپسۇسكى، ھازىر بەزىلەر مۇنازىرە قائىدىلىرىنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، باشقىلارنى ئۆزى توغرا تاپقان پىكىرنىلا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا؛ ئۆزى ئەۋزەل دەپ قارىغىنىنى پۈتۈن كىشىلەر ئەۋزەل بىلىشى كېرەك دەپ قارىماقتا؛ بۇنىڭدىن بەزىلەرنىڭ مەلۇم پىكىر ۋە شەخسلەرگە يانبېسىش مەسىلىسى

كېلىپ چىقماقتا؛ نەتىجىدە مەلۇم بايراق ئاستىدا ماڭغانلارنى توغرا يولدا، باشقىلارنى خاتا يولدا دەيدىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

ئىش مۇشۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالسىغۇ مەيلىدى. چۈنكى، مۇنازىرە قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقنى تېپىش ئۈچۈنلا بولىدىكەن، ئۇ پايدىلىقتۇر. ساھابىلەر ۋە سەلەف - سالىھلارنىڭ ئۆزئارا مۇنازىرىلىرى ئەنە شۇنداق ئىدى.

ئەمما، مۇنازىرە ئۆزئارا تىللىشىشقا، بىر - بىرىگە تۆھمەت قىلىشقا ئېلىپ بارسا، بۇنداق مۇنازىرىنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھاۋايى - ھەۋەس، ئوخشىمىغان قاراشتىكىلەرنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش غەرىزىنى قاندۇرۇش، باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈكنى ۋە ئالاھىدە تالانتى بارلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئەپسۇسكى، شەيتان بەزىلىرىمىزگە «دىنىنىڭ مەنپەئەتى ئاشۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاشنى تەقەززا قىلىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن ئوخشىمىغان پىكىردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى بىزگە پەردازلاپ كۆرسەتتى. نەتىجىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش، غەيۋەت قىلىش، مەسخىرە قىلىش، كەمسىتىشكە ئوخشاش گۇناھلار ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق قىلمىشلارنى قىلغۇچىلار نەپسى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلالىغان بولسا ئىدى، بىلىپ - بىلمەي ئۆز قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يەۋاتقانلىقىنى بىلەلىگەن بولاتتى.

ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش: بەزىلىرىمىز مەلۇم بىر ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ، باشقا ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئىشلارمۇ مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە، تەرك ئېتىلگەن ئىبادەتلەر ئادا قىلىنىۋاتقان ئىبادەتلەر بىلەن

باراۋەر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق بولۇشى مۇمكىن.

6. بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار بەزىدە مەلۇم ئىشلارنى قاتتىق چىڭىتىۋالسا، بەزىدە رۇخسەتلەرنىلا ئىزدەيدۇ، يەنە بەزىدە گۇمانلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال كىشىنىڭ كاللىسىدا «ئۇلارنى بۇنداق زىددىيەتلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان نەرسە زادى نېمىدۇ؟» دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ.

7. بەزىلەر سالاھىيەت ھازىرلىماي تۇرۇپلا ئاللاھنىڭ دىنىدا پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەتلىك بولۇپ كەتتى.

8. يەنە بەزىلەر باشقىلارنى دەلىل - پاكىتسىزلا پاسىق، كاپىرغا چىقىرىشقا ئالدىرايدۇ.

9. بىز ئۆزىمىزنى ئىشلارغا جىددىي قارايدىغان مۇجاھىد ئۈممەت دەپ دەۋا قىلىدىغان تۇرۇپ، بەزىلەر دۇنيانىڭ ئەيش - ئىشرەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرى ئارىسىغا پېتىپ، ئومۇمەن دۇنياغا مايىل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى ئېغىر ئىللەتلەردىن بىرىدۇر.

10. بەزىلەر قېرىنداشلىرىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ - يۇ، ئەمەلىيەتتە قارىسا، ئەمەلىيىتى بىلەن مەزكۇر دەۋاسى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

ئەمەلىيەتتە، بىر مۇئمىننىڭ يەنە بىر قېرىندىشىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىشىغا ياردەم بېرىشى ئۇنىڭ ئاشۇ قېرىندىشىنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ۋە بۇ دوستلۇقتىكى سەمىمىيلىكىنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ بىر - بىرىگە: «كېلىڭلار، ئولتۇرۇپ بىردەم ئىمانلىشايلى!» دېيىشىدىكەنتۇق. لېكىن بەزىلەر قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى دۇنيا ئىشلىرى ھەققىدە مۇڭدىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا

ئايلاندۇرۇۋالدى.

11. بەزىلەرنىڭ ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىنى ئېنىقلاپ باقمايلا، ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا دەپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت پەيدا قىلىشى ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا كۆرۈلۈۋاتقان ئېغىر ئىللەتلەردىن بىرىدۇر.

12. بەزىلەر ئۆز مەنپەئەتىگە تاقىشىپ قالغاندا، دۇنيالىق مەنپەئەتىنى دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ؛ يەنە بەزىلەر مەسچىتكە كىرگەندىلا ئىسلام تونىنى كىيىپ، مەسچىتتىن چىققاندىن كېيىنلا ئۇ تونىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزئارا مۇئامىلىلەردە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنمايدۇ. ھالبۇكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى چوقۇم ئىسلامنىڭ ھۆكمى بويىچە قىلىشى كېرەك ئىدى.

13. ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنىڭ مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدىن ئىكەنلىكىنى، قېرىندىشىغا ۋەدە قىلىپ، ھېچقانداق ئۆزرىسىزلا ۋەدىسىدە تۇرمىسا، گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. شۇنداقتىمۇ ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، ۋەدىلەرگە پەرۋاسىزلىق ئەۋج ئالماقتا.

14. ئۆزئارا شەرئىي قائىدە - پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن نەسىھەت قىلىشماسلىق. بەزىدە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا نەسىھەت قىلماقچى بولسا، باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا، ناھايىتى قوپال شەكىلدە نەسىھەت قىلىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ھايا قىلىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ قېرىندىشىغا نەسىھەت قىلىشنى تەرك ئېتىدۇ. ھالبۇكى، ھايا قىلىش پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلەتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا نەسىھەت قىلىشماسلىقى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: **«دىن نەسىھەتتۇر» دېگەن**[197].

[197] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

15. بەزىلەر قېرىندىشىنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلالمايدۇ، مەلۇم ئىش تۈپەيلى ئەيىبكە ئۇچراپ قالسا، مەغرۇرلۇقى تۇتىدۇ.

16. بەزىلەر قېرىنداشلارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختاپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىش شەرىئەتكە زىت ھەم ماختالغۇچىنىڭ نەپسىگە نۇرغۇن زىيانلارنى سالىدۇ.

17. بەزىلەر قېرىنداشلار ئارا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھېسسىياتقا بېرىلىپ، توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىدۇ.

18. بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئەخلاقلىق كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسى ئاشكارا بولىدۇ؛ بۇلار مۇئامىلىلەردە شەرىئەتنى ئۆلچەم قىلماي، قانداق قىلسا قىلىپ كۆپ نەپ ئېلىشنى كۆزلەيدۇ.

18. بەزىلەر باشقىلاردىن ئېلىشنىلا ئويلاپ، بېرىشنى خالىمايدۇ؛ ئۆزىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنىلا ئويلاپ، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

19. بەزىلەر گەپ - سۆز ۋە سورۇنلارنىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، قېرىنداشلىرىنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىدۇ؛ ئۇ سورۇندىن بۇ سورۇنغا گەپ توشۇيدۇ.

20. بەزىلەر قېرىنداشلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى بىلىۋالسا ھۇزۇرلىنىپ، شۇنىڭدىن لەززەت ھېس قىلىدۇ؛ قېرىنداشلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى كوچىلاپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تىڭ - تىڭلايدۇ؛ ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلىرىنىمۇ سۈرۈشتە قىلىدۇ.

21. بەزىلەر ئادەتتىن تاشقىرى نازۇك بولۇۋېلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى زادىلا قوبۇل قىلالمايدۇ، ئۆزرىخاھلىقلىرىنىمۇ رەت قىلىدۇ، ئىشلىرىغا سەۋر قىلالمايدۇ.

22. بەزىلەر باشقىلارغا بىرەر ياخشىلىق قىلىپ قالسا، ئەتراپىدىكى ھەممەيلەنگە جار سېلىپ، قىلغان ياخشىلىقىنىڭ

مۇكاپاتىنى خۇددى باشقىلارنىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن قىلغاندەكلا قىلىپ كېتىدۇ.

23. بەزىلەر ئەمەل - مەنسەپنىڭ كويىدىلا يۈرۈپ، ناۋادا سايىلامدا ئۇتالماي قالسا، ئېغىر غەمگە پاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى سورالسا، خۇددى ئىنسان ئىسلامغا مەنسەپ بىلەنلا خىزمەت قىلىدىغاندەك، «مېنىڭ مەقسىتىم مەنسەپ ئارقىلىق ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئىدى» دەيدۇ ۋە ئۆزىنى شۇ مەنسەپكە سالاھىيىتى باردەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، ئۆزىگە نىسبەتەن ياشتا كىچىكرەك، مەرتىۋىدە تۆۋەنرەك ياكى ئۆزىدىن كېيىن ھىدايەت تاپقان بىرەرسى باش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمايدۇ، يوليورۇقلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، نېمىلا ئىش قىلسا، شۇنى تەنقىدلەپلا ئۆتىدۇ.

شۇنىڭدەك، بەزىلەرگە ئاللاھ تائالا مەنسەپ بېرىپ سىنىسا، ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئارقا سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ - يۇ:

– ئەمىسە، مەنسەپنى تاشلاپ، ئارقا سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلىڭلار! – دېيىلسە، بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ غۇدۇراپ كېتىدۇ.

– نېمىشقا بۇنچىۋالا بىئارام بولىسىلەر؟ ئۆزۈڭلار: «باش ئىشتاپتا خىزمەت قىلىدىغانلار بىلەن ئارقا سەپتە خىزمەت قىلىدىغانلار پەقەت تەقۋادارلىق ۋە سەمىمىيەت بىلەنلا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ» دەپ دەۋا قىلىۋاتاتتىڭلارغۇ؟ – دېيىلسە:

– دىنىمىز مەنپەئەتى بىزنىڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ يېتەكچىلىك رولىنى ئۆتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، – دېيىشىدۇ.

بەلكى بەزىلەر رەھبەرلىك خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالسا، بىر كىشىلىك ئورنىغا رازى بولماي، پۈتۈن ئىشنى تاشلاپ كەينىگە چېكىنىدۇ.

24. بەزىلەر دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا تالانتلىق ئادەم يوقتەك، پۈتۈن ۋەزىپىگە ئۆزىلا لايىقتەك، ھەممە ئىشنىڭ ئەلمىي - تەلىمىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغاندەك چاغلاپ قالىدۇ؛ شۇڭا داۋاملىق ئۆزى ۋە ئۇتۇقلىرى ھەققىدە سۆزلەشتىن زېرىكمەيدۇ؛ دىن ياكى دۇنيالىق قانداق بىر مەسىلە ھەققىدە سورالسا، سورالغان مەسىلىنى ئۆزىمۇ تولۇق چۈشەنمەيدىغان تۇرۇپ جاۋاب بېرىشكە ئالدىرايدۇ.

25. بەزىلەر ئۆز پىكرىگە بەك ئىشىنىپ، ئۇنى خاتاسىز، توغرا پىكىر دەپ قارىۋالىدۇ؛ ناۋادا خاتالىشىپ قالسا، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قۇرۇق باھانە - سەۋەبلەرنى توقۇيدۇ.

يۇقىرىدا ئۆزۈم ۋە ئەتراپىمدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ھېس قىلغان بەزى ئىللەتلەرنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مەسىلە تېخىمۇ ئېنىقراق بولدى دەپ قارايمەن. مەن توختىلىپ ئۆتكەن بۇ قىلمىشلار ھەممىدىن ئاۋۋال نەپسىمىزنىڭ بىزدىن غالىب كېلىپ، بىزنى ئەسىر ئېلىۋالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قارايدىغان بولساق، كۆپىنچىمىز پەرۋەردىگارىمىزغا قۇلچىلىق قىلغاندىن بەكرەك نەپسىمىزگە قۇلچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. بىز ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، ئاللاھ تائالامۇ بىزگە نەپسىمىزنىڭ دۈشمەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن نەپسىمىز بىزگە يار بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلدايدىغان بولدۇق؛ ئەسلى ۋەزىپىمىزنى ئۇنتۇپ، نەپسىمىزنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان چاكارغا ئايلاندۇق.

مەن ئاللاھنىڭ بىزگە ھازىرغا قەدەر نۇسرەت بەرمىگەنلىكىنى ئۇنىڭ رەھمىتى ئىكەن دەپ ئويلىدىم، چۈنكى بىز ئۆزىمىزدە نۇسرەتنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھ تائالادىن بىزگە نۇسرەت بېرىپ، قۇدرەت تاپقۇزۇشنى تىلىيەلەيمىز؟

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەمما

ئىنسانلار بۇ ئىشنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، ئۆزلىرىدە شەرتلىرى ھازىرلانمىغان ۋە لاياقەتكە توشمىغان تۇرۇپ، ئاللاھ تائالادىن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى تاكى قىيامەتكە قەدەر ئۆزگەرمەيدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى، ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەرگىز بايقىيالمايسەن**﴾[198].

ئاللاھنىڭ غەلىبە - نۇسرەت ئاتا قىلىشتىكى قانۇنىيىتى مانا بۇ: ﴿**ئەي مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ**﴾[199].

[198] فاتىر سۈرىسى، 43 - ئايەت.
[199] مۇھەممەد سۈرىسى، 7 - ئايەت.

# تۆتىنچى بۆلۈم

## ھەل قىلىش چارىلىرى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ، قۇدرەت تاپقۇزۇشى ئۈچۈن قويغان شەرتلىرىنى بىر قاتار كۆزدىن كەچۈرۈپ، كۆپىنچىمىز نەپسىمىزگە قۇل بولۇپ ئۆزىمىزدە مەزكۇر شەرتلەرنى ھازىرلىيالمىغىنىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، مۇنداق سوئاللار تۇغۇلىدۇ:

بۇ پاسسىپ ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ، مەزكۇر شەرتلەرنى ھازىرلاش مۇمكىنمۇ ياكى بىز مۇشۇنداق نەپسىمىزگە قۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ كويىدىلا ئۆتەمدۇق؟ كېسەل ئېغىرلىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى چىرماپ، داۋالاش ئىمكانىيىتى قالمىدىمۇ؟

بىز دەيمىزكى، پەزل ۋە ئېھسان ئاللاھقا خاستۇر. كېسەللا

بولىدىكەن، چوقۇم داۋاسىمۇ بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ بىر كېسەلنى ياراتسا، ئۇنىڭ شىپاسىنىمۇ يارىتىدۇ».** يەنە بىر رىۋايەتتە: **«ئۇ شىپانى (يەنى دورىنى) بىلگەنلەر بىلىدۇ، بىلمىگەنلەر بىلمەيدۇ»** دېيىلگەن[200].

بىراق، بىزنىڭ كېسىلىمىزگە قايسى دورا ماس كېلىدۇ؟ ئۇنى نەدىن، قانداق تاپىمىز؟ مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەندىم. ئاخىر ئاللاھ تائالا مېنى ئۇنى تېپىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن ئىلگىرىكى پېشۋالىرىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن بەزى ئىللەتلەرنىڭ شىپاسىنى تېپىۋالدىم.

# داۋالاش باسقۇچلىرى

مېدىتسىنا ئالىملىرى ئېيتقاندەك، داۋالاشنىڭ تۇنجى باسقۇچى كېسەللىكنىڭ ماھىيىتىنى توغرا بايقاشتۇر. شۇڭا، شىپا تاپقۇسى بار بىمار ئۆزىدىكى كېسەلنىڭ خاراكتېرىنى بىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ پەقەت بىمار ئۆزىدە شۇنداق كېسەل بار دەپ ئېتىراپ قىلغاندىلا ئىشقا ئاشىدۇ. ناۋادا ئۇ ئۆزىنى بۇنداق كېسەلدىن ۋە بىز يۇقىرىدا بىر قاتار ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئەھۋالىمىزدىن مۇستەسنا دەپ ئويلىسا، ئۇنىڭغا دورا كار قىلمايدۇ. چۈنكى، كېسەلنى ئېتىراپ قىلىش يېرىم داۋادۇر.

# كېسەللىك قانداق ئېتىراپ قىلىنىدۇ؟

ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش نەپسكە تولىمۇ

---

[200] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

ئېغىر كېلىدىغان، قىيىن بىر ئىشتۇر. شۇڭا، ساقىياي دەيدىغان ئادەمدە ناھايىتى كۈچلۈك، تىز پۈكمەس ئىرادە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ ھاياتتىكى ئەڭ قىيىن كۈرەشكە ئاتلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا شۇنداق مۇستەھكەم ئىرادە بولمىسا، تۈنجى كۈنىلا ئارقىسىنى قىلىپ قېچىشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇنىڭدا مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئىرادە تولۇق تىكلىنىپ بولالمىغان بولسا، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي، تىنچ بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن قەلب تېۋىشلىرىغا قۇلاق سالسۇن! بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى ئۇنىڭغا سېلىپ باقسۇن! ئىلگىرىكى گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرىنى ئەسلەپ باقسۇن! ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنسۇن! نېمىنى نېمىشقا دېگەنلىكىنى، نېمىنى نېمىشقا قىلغانلىقىنى، نېمىنى نېمىشقا قىلمىغانلىقىنى ئۆز - ئۆزىدىن سوراپ باقسۇن!

ناۋادا ئۆزىدە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىگە يات بىرەر ئىللەت بارلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنى خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭسۇن! ئۇ بۇنداق قىلماقچى بولغاندا، نەپسى ئۇنى ھېساب ئالغىلى قويماسلىقى، بەلكىم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى بۇ ئىرادىسىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ناچار قىلىقلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ۋەسۋەسە قىلىشى ياكى ھېساب ئېلىشنى كېچىكتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ، باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل قىلىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن.

نەپسىمىزنى يېڭىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىشىمىز، ئاللاھنىڭ مۇۋەپپىيەت بېرىشى ۋە رەھمەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن كۆپ دۇئا قىلىشىمىز كېرەك. نەپسىمىزنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈمنى، سەكراتنى، قەبرىنى ۋە ئۇنىڭ نەقەدەر زۇلمەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى، قەبرىدىكى مۇنكەر - نەكىرنىڭ

سوراقلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق كۆڭلىمىزدە ئاللاھ قورقۇسى ھاسىل قىلىشىمىز؛ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ، ھېساب مەيدانىغا توپلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىلىرىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. قەلبنى يۇمشىتىدىغان كىتابلارنى ئوقۇش، ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئاڭلاش، مېيىت نامازلىرىغا قاتنىشىش، قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىش ۋە كېسەللەرنى يوقلاش قاتارلىق ئىشلار بىزنىڭ تەقۋادارلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى قورقۇنچ نەپسىنىڭ ئەڭ ياخشى ھەيدەكچىسىدۇر.

ھەممەيلەن مۇشۇ شەكىلدە نەپسىمىز بىلەن خىلۋەتتە بولۇشنى داۋاملاشتۇرايلى؛ زېرىكمەي، سەۋر قىلايلى؛ ئازراق ئىللەتنى بايقاپلا، مەسىلە ھەل بولدى دەپ ئالدىراپ كەتمەيلى. چۈنكى، نەپس بىر قىسىم يۈزەكى ئىللەتنىلا كۆرسىتىپ، نېگىزلىك مەسىلىلەرنى يوشۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن.

نەپسىمىز بىلەن خىلۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، نەپسىنىڭ بىر قىسىم يۈزەكى ئىللەتلەرنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا قانائەتلىنىپ قالمايلى؛ ھېساب ئېلىشتا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، قانداق بىر ئەيىبنى بايقىساق، خاتىرىلەپ مېڭىپ، شۇ ئەيىبكە سەۋەب بولغان نېگىزلىك ئامىلنى بىلىشكە تىرىشايلى! بۇ ئەھۋال تاكى يۈزەكى ئىللەتلەر تۈگەپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە ئۆتكەنگە قەدەر داۋاملاشسۇن!

ئەنە شۇ چاغدا ھەممىمىز نەپسىمىزنىڭ قولىغا ئايلىنىپ، كۆپىنچە ئىش - ھەرىكىتىمىزنىڭ پەقەت نەپسىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئاچچىق ھەقىقەتنى كۆرۈپ ھەيران قالماي تۇرالمايمىز.

# بىزنىڭ نەپسىمىز بىلەن جىھاد قىلغۇدەك تاقىتىمىز يوق

بىز نەپسىمىزنى تېخىمۇ يېقىندىن، تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرگىنىمىزدە، بىزنىڭ ئەسلىدە نەپسىمىز بىلەن جىھاد قىلغۇدەك تاقىتىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت تېخىمۇ روشەن ئايدىڭلىشىدۇ. شۇ چاغدا نەپسىمىزمۇ، ئۇ چاقىرغان نەرسىمۇ بىزگە سۆيۈملۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

ئىنسان نەپسىنىڭ قۇلى تۇرۇپ قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلالىسۇن؟ نەپسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز تۇرۇپ ئۇنى قانداقمۇ مەغلۇپ قىلالىسۇن؟ بىراۋ ئەمدى نەپسىمنى يەڭدىم دېگەندە، تېخىمۇ ئىنچىكىرەك سۈرۈشتۈرۈپ باقىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە نەپسىنىمۇ تولۇق نېسىۋدار قىلغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئۇنداقتا، بۇنىڭ چارىسى نېمە؟ بارچە ئاماللار تۈگەپ، نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىدىمۇ؟

دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئەڭ مۇھىم چارە قوللىنىش باسقۇچىغا كەلگەن بولىمىز. ئاللاھ تائالا بۇ كۈرەشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى، بىزنىڭ ئۆزىمىز يالغۇز نەپسىمىز بىلەن كۈرەش قىلىشقا تاقىتىمىزنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىمىز يالغۇز نەپسىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىمىزنى ياخشى بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ تائالا بىزدىن نەتىجە يارىتىشنى ئەمەس، بەلكى پەقەت كۈرەشنى باشلاشنىلا تەلەپ قىلغان.

# ئاللاھتىن ياردەم تىلەش تۈنجى قەدەمدۇر

ئاللاھ تائالا بىزدىن ناۋادا ئاللانىڭ ياردىمى بولمىسا، بىزنىڭ ھېچقانداق كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى، نەپسىمىز بىلەن كۈرەش قىلىشقا تاقىتىمىز يەتمەيدىغانلىقىغا چىنپۈتۈشىمىزنى، ناۋادا ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز نەپسىمىزگە تاشلاپ قويۇلساق، نەپسىمىزنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزدىن پەقەت ئەسلىي تەبىئىتىمىزگە قايتىشنىلا تەلەپ قىلغان بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىمىز ئاجىزلىقتۇر. كۈچ - قۇۋۋەت، ساغلاملىق، مال - دۇنيا ۋە يۈز - ئابرۇي قاتارلىقلار تېزلا يوقاپ كېتىدىغان، ۋاقىتلىق نەرسىلەردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر**﴾[201].

ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا كۆڭلىمىزنىڭ نەقەدەر سۇنۇقلۇقىنى ۋە تۆۋەنچىلىكىمىزنى ئىزھار قىلىشىمىز، نەقەدەر ئاجىز ۋە موھتاجلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئاللاھ تائالا بىزگە ئىلتىپات قىلىپ ھىمايە قىلمىسا، ھالاك بولىدىغانلىقىمىزنى، نەپسىمىزنىڭ ۋە ھاۋايى - ھەۋەسىمىزنىڭ قۇلى بولۇپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى، دۇنيا دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. نېمىشقا شۇنداق قىلمايلى، ئاللاھ تائالا بىزگە ئىمان ۋە تائەت - ئىبادەتنى سۆيۈملۈك قىلىپ، كاپىرلىق، پاسىقلىق ۋە گۇناھ - مەسىيەتنى

[201] رۇم سۈرىسى، 54 - ئايەت.

يامان كۆرسەتتى ئەمەسمۇ؟!

بىزنىڭ ئەھۋالىمىز خۇددى پادىچى بولمىسا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇچەي - باغىرلىرىمىزنى پارچە - پارچە قىلىپ بولىدىغان چىلبۆرىلەر ئارىسىدىكى قوزىغا ئوخشايدۇ[202].

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان شەيتان ۋە جىنلارنىڭ ئارىسىغا تاشلانغان. ئەگەر ئاللاھ ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن ھىمايە قىلىپ، يامانلىقتىن ساقلاپ قالسا، ئۇلار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ؛ ناۋادا ئاللاھ ئۇنى ھىمايە قىلماي، ئۆزىگە تاشلاپ قويىدىغان بولسا، دۈشمەنلىرى ئۇنى قولىغا چۈشۈرۈۋالىدۇ»[203].

ناۋادا بىز ئۆزىمىزدە ئاجىزلىق، مىسكىنلىك، باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت قۇللۇق سۈپەتلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرەلىسەك، ئاللاھ تائالا بىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش، يېتەكلەش ۋە غەلىبە - نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن مەدەت بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ سىلەرگە بەدردە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار**﴾[204].

دېمەك، ئاللاھ تائالا بىزگە مەدەت بەرسۇن دەيدىكەنمىز، ئاللاھقا موھتاجلىقىمىزنى ئىزھار قىلايلى. چۈنكى، سەدىقە پەقەت پېقىر - مىسكىنلەرگە ۋە ھاجەتمەنلەرگىلا بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زاكات پەقەت پېقىرلارغا ۋە مىسكىنلەرگىلا... بېرىلىدۇ**﴾[205].

---

[202] تەزھىيبۇ مەدارىجىس سالىكىين، 227 - بەت.
[203] تەزھىيبۇ مەدارىجىس سالىكىين، 227 - بەت.
[204] ئال ئىمران سۈرىسى، 123 - ئايەت.
[205] تەۋبە سۈرىسى، 60 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھنىڭ ئۇزۇلۇپ قالمايدىغان ياردىمىنى كۆزلەيدىغانلار پۇل - مېلى، بالا - چاقىلىرى، تەن ساغلاملىقى، يۈز - ئابرۇيى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھقا بولغان موھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ھەقىقىي موھتاج كەبى ياشىسۇن! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر**﴾[206].

بۇ موھتاجلىقنىڭ ئەمەلىي ئۆرنەكلىرى ئىنتايىن كۆپ:

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ئاياللارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ساقلاپ قېلىشىنى تىلىگەندە، ئۆزىنى پۈتۈنلەي گۇناھسىز دېمىگەن. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانغا خاس ئاجىزلىقى بارلىقىنى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئىنسانچىلىقتا ئاياللارغا مايىل بولۇپ قېلىشىنى ياخشى بىلەتتى. ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېگەن: ﴿**(يۇسۇف بىزگە ئىلتىجا قىلىپ): ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۇندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن - دە، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن، دېدى**﴾[207].

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى قىلغاندا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ناھايىتى تېز ئىجابەت قىلدى: ﴿**پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۇسۇفتىن دەپئى قىلدى. ئاللاھ (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾[208].

بەدر غازىتىدا يوقسۇل ھەم ئاجىز بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر ھەممىدىن كۈچلۈك ھەم غالىب

[206] فاتىر سۈرىسى، 15 - ئايەت.
[207] يۇسۇف سۈرىسى، 33 - ئايەت.
[208] يۇسۇف سۈرىسى، 34 - ئايەت.

ئاللاھ تائالادىن يـاردەم تىلـىگەندەك، قانداق نەتىجە كۆرۈلگەن ئىدى؟ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: سىلەرگە ئاقمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن، دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى**﴾[209].

ئىبنى ئاتائۇللاھ سەكەندەربي مۇنداق دەيدۇ: «سەن بەندىچىلىك سالاھىيىتىڭدە تۇرغىنىڭكى، ئاللاھ تائالا پەرۋەردىگارلىق سۈپىتى بىلەن مەدەت بېرىدۇ يەنى سەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك ئىزھار قىلساڭ، ئاللاھ ساڭا ئۇلۇغلۇقى بىلەن مەدەت بېرىدۇ؛ سەن ئاجىزلىقىڭنى ئىسپاتلىساڭ، ئاللاھ ساڭا غالىبلىقى بىلەن مەدەت بېرىدۇ؛ سەن زەئىپلىكىڭنى ئىسپاتلىساڭ، ئاللاھ ساڭا كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن مەدەت بېرىدۇ».

ئۇ زات يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتايى - ئېھسانلارغا ئېرىشىشنى خالىساڭ، ئاللاھقا بولغان موھتاجلىقىڭنى ئىسپاتلىغىن. چۈنكى، سەدىقە پەقەت موھتاجلارغىلا بېرىلىدۇ».

سالىھلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «مەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا تائەت - ئىبادەت ئىشىكلىرىدىن كىرىشكە ئۇرۇندۇم - يۇ، قايسى ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارسام، قىستاڭچىلىقتىن كىرەلمىدىم. موھتاجلىق ۋە خارلىق ئىشىكى ئالدىغا بارسام، باشقىسىدىن ئەڭ يېقىن ھەم ئازادە ئىكەن، قىستىلىپ، توسۇلۇپ قالىدىغان ئىشمۇ يوقكەن، ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا پۇتۇمنى قويۇشۇمغىلا ئاللاھ تائالا قولۇمدىن تۇتۇپ ئىچىگە تارتتى».

ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ خارلىقىمىزنى، قەلبىمىزنىڭ سۇنۇقلۇقىنى، ئۇنىڭغا موھتاجلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، يىلىنىپ، يالۋۇرۇشىمىز

[209] ئەنفال سۈرىسى، 9 - ئايەت.

كېرەك.

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بەندە ئۆزىنى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا تاشلانغان، بوسۇغىسىدا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان، پايدا - زىيانغا، ھايات - ماماتلىققا ۋە باشقا ھېچنېمىگە كۈچى يەتمەيدىغان، ئۆزىنىڭ نەقەدەر نادانلىقىنى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ سالغانلىقىنى ۋە ئۆلۈمنىڭ ئۆزىگە ئايغىنىنىڭ بوغقۇچىدىنمۇ يېقىنلىشىپ قالغان بىر چارىسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىسۇن!»[210].

مانا بۇ ئاللاھ تەرەپكە قىلىدىغان سەپەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر!

# ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش

بىز ئېرىشكەن ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئىنسانغا قانداق ياخشىلىق كەلسە، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىندۇر.

ھېچكىم ئۆز ئەمەلى، ياخشىلىقتا ئالدىدا ماڭىدىغانلىقى، پىداكارلىقى ياكى جىھادى بىلەنلا ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلەيمەن دەپ ئويلاپ قالمىغاي! ئىنساننىڭ ئەمەلىنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى تۇرسا، قانداقسىگە شۇنداق ئويلاشقا پېتىنالىسۇن؟! مەسىلەن، بىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىمۇ ئاللاھ بىزنى مۇھاپىزەت قىلدى ئەمەسمۇ؟! ھالبۇكى، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ دېيەلەيدىغان بىرەر ئەمەلىمىز يوق ئىدىغۇ؟!

[210] تەھزىيبۇ مەدارىجۇس سالىكىين، 226—227 - بەتلەر.

شۇڭا، بىز ئۆزىمىزگە ئوبدان نەزەر تاشلاپ، ئۆز - ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: بىزنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغان كىم؟ ھىدايەت يولىغا يېتەكلىگەن كىم؟ نېمىشقا بۇ ئىلتىپاتقا ساناقسىز مەخلۇقاتلار ئىچىدىن بىزنى تاللىدى؟ شەيتاننىڭ يولىدا كېتىۋاتقان شۇنچە كۆپ ئىنسانلارنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ نېمىشقا بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالمىدۇق؟ بۇ ئۆزىمىزنىڭ تالانتىمىز ۋە ئارتۇقچىلىقىمىزدىنمۇ ياكى ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتىدىنمۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۆمىن) بولساڭلار**﴾[211].

# يەنە ئىبادىتىمىزگە قاراپ باقايلى!

ئارىمىزدا كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغانلار بولسا، ئۆزىدىن سوراپ باقسۇن: ئۇنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقىنى كىم؟ ئۇنىڭ تالانت، ئىقتىدارىمۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئېھسانىمۇ؟ قۇرئان ئوقۇشقا، زىكىر ئېيتىشقا ۋە دۇئا قىلىشقا ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىپ، تىلىنى راۋان قىلغىنىچۇ؟

دېمەك، بىز ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە غەرق بولۇپ تۇرۇۋېتىپتىمىز. كىمكى شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر ئېيتماقچى بولىدىكەن، ئۇ شۈكۈر ئېيتىشنى تەقەززا قىلىدىغان باشقا بىر نېمەت ئىچىدە دېمەكتۇر. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا

[211] ھۇجۇرات سۈرىسى، 17 - ئايەت.

ئىدى، ھەرگىز شۈكۈر ئېيتالمىغان بولاتتى.

داۋاملىق مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلىش، ئۆز - ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، نەپسىنىڭ ئاپەتلىرىنى تەكشۈرۈش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق ياخشى نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىققۇسى!

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن چىقىدىغان تۈنجى نەتىجە شۈكى، ئىنسان ئۆز جىنايەتلىرىنىڭ تۈپ مەنبەسىنىڭ داۋاملىق يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نادان، زالىم نەپسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر. بۇنى ھېس قىلالىغان ئىنسان ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى نەپسىنىڭ شەررىدىن ساقلىشىنى، تەقۋادارلاردىن قىلىپ پاكلىشىنى ۋە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىمۇ ئۆزىگە تاشلاپ قويماسلىقىنى تىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالا نەپسنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچى، ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە پەرۋەردىگارىدۇر. ئېزىپ كەتكەنلەر بولسا ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قېلىپ، نەپسىگە تاشلاپ قويۇلغانلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇسەين ئىبنى مۇنزىرغا مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: **«ئى ئاللاھ! ماڭا ھەر ئىشتا توغرىلىقنى ئىلھام قىلغىن، مېنى نەپسىمنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن، دېگىن!»**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىسىدە داۋاملىق مۇنداق دەيتتى: **«جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، بىز ئۇنى مەدھىيەلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن توغرا يولغا باشلىشىنى سورايمىز، گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن مەغفىرەت تىلەيمىز، نەپسلىرىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز»**.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**... ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**﴾[212]. ئاللاھ تائالا يەنە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېگەن:

[212] ھەشر سۈرىسى، 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ...﴾** [213].

نەپسنىڭ خاراكتېرىنى ۋە تەبىئىتىنى بىلىدىغان كىشى ئۇنىڭ بارچە يامانلىقىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدە ھەرقانداق ياخشىلىقلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ نەپسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ﴾**[214]؛ **﴿لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا يېقىملىق قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇپرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر...﴾** [215].

بۇ مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئېڭى ئەسلىدە نەپسنىڭ تەبىئىتىدە يوق ئىدى، بەندە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەنلا توغرا يول تاپقۇچىلاردىن بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿... ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**[216].

داۋاملىق نەپسىدىكى ۋە ئىش - ھەرىكىتىدىكى ئەيىب - نۇقسانلارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان كىشى ئۇنچە كۆپ ئەيىبلىرى بىلەن ئاللاھقا مۇلاقات بولۇش سالاھىيىتى يوقلۇقىنى، بۇنچىلىك دەسمايە بىلەن ئاللاھنىڭ كاتتا ساۋابىغا ئېرىشىش

[213] يۇسۇف سۈرىسى، 53 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[214] نۇر سۈرىسى، 21 - ئايەت.
[215] ھۇجۇرات سۈرىسى، 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[216] ھۇجۇرات سۈرىسى، 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇياقتا تۇرسۇن، ئازابىدىن قۇتۇلۇشقىمۇ يارىمايدىغانلىقىنى دەڭسىيەلەيدۇ؛ قىلمىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، ئەمەلىي ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد ئۈزىدۇ؛ پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئىلتىپاتى بىلەنلا قۇتۇلالايدىغانلىقىغا چىنپۈتىدۇ.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«سىلەردىن ھېچكىمنى ئەمەلى جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر:**

**ـ ئۆزلىرىچۇ، ئەي رەسۇلۇللاھ؟ ـ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ شۇنداق. لېكىن مېنى ئاللاھ ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلىگە ئالغان» دەپ جاۋاب بەرگەن**[217].

ئىنسان خۇددى ھېچنېمە يوق، قۇرۇق قاچىغا ئوخشاش، ناھايىتى چارىسىزلەرچە، خار - زەبۇن ھالدا، قىلغان ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى خاس رەھمىتى ۋە ئىلتىپاتىنى بەخش ئېتىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلىغاي!

# ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىش

قاچانكى بىز ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان، پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ئاللاھتىنلا مەدەت كۈتىدىغان، ھەرقانداق خەيرنى ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى دەپ بىلىپ، نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەرنى ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكىدىن دەپ بىلەلەيدىغان روھقا ئىگە بولالىساق، ئۆزىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت كېيىنكى باسقۇچقا ئۆتەلەيمىز.

بىز بىرىنچى بۆلۈمدە ئىنساندا ئەقىل، قەلب ۋە نەپس قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە قەلبنىڭ پادىشاھ

[217] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولۇپ، ئەقىل، نەپس ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئىكەنلىكىنى؛ بۇ قەلبىنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى ۋە كۆرىدىغان كۆزى بارلىقىنى؛ ئۇ قۇلاقنىڭ خۇددى ئەقىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك نەپسنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلايدىغانلىقىنى؛ ناۋادا ئەقىلنىڭ ئاۋازى ئاجىز كېلىپ قالسا، نەپسنىڭ ئاۋازى قەلبكە ھۆكۈمران بولۇۋېلىپ، تەسىرى بارغانسېرى زورىيىپ كېتىدىغانلىقىنى دەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

گۇناھ - مەسىيەت ۋە ئاللاھتىن يىراقلىشىش سەۋەبىدىن قەلب ئەينىكى خىرەلىشىپ قالسا، نۇرى ئۆچىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)**﴾[218].

ئەقلىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەمگە نەپسى ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ؛ ئەقىل ئەينىكىنى تائەت - ئىبادەت ۋە زىكىر - تەسبىھلەر بىلەن يالتىرىتىپ تۇرمىسا، بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ھەق بىلەن باتىلنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەپسىنى ياخشىلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلمىغان كىشىنىڭ نەپسى قەلبىنى ئەسىر ئېلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەقىل، قەلب ۋە نەپسكە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ ۋە مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

[218] ھەج سۈرىسى، 46 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئەقلنى تەربىيەلەش

ئەقىلنى پەقەت ئىلىم ئارقىلىقلا تەربىيەلەپ كۈچلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەقىلنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، ئاۋازىنى كۆتۈرىدىغان، دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىلىمدۇر. ئىنسان ئىلىم ئارقىلىق ياراتقۇچىسىنى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى، نەپسىنىڭ نادانلىقى ۋە زۇلمىنى، شەيتاننىڭ كىرىش نۇقتىلىرىنى بىلەلەيدۇ؛ ئىلىم ئارقىلىق جەزمىيەت بىلەن شەكنىڭ، توغرا بىلەن خاتانىڭ، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ پەرقىنى ئايرىيالايدۇ؛ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلەلەيدۇ؛ ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ؛ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قانداق سىلە - رەھىم قىلىشنى بىلەلەيدۇ؛ مەشۇقىنى خۇرسەن قىلىش يوللىرىنى بىلىپ، ۋىسالىغا تېز يېتەلەيدۇ. ئىلىم باشلامچى بولسا، ئەمەل ئەگەشكۈچىدۇر؛ ئىلىم قوماندان بولسا، ئەمەل لەشكەردۇر؛ ئىلىم غۇربەتتە ھەمراھ، خىلۋەتتە مۇڭداش، چۆلدە ئۈلپەتداشتۇر. ئىلىم گۇماننى يوقاتقۇچىدۇر. ئىلىم پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق بولۇپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرگۈچى ھەرگىز يېقىرلىقتا قالمايدۇ.

ئىلمىي مۇزاكىرىلەر زىكىر - تەسبىھتۇر، ئىلمىي ئىزدىنىشلەر جىھادتۇر، ئىلىم ئۆگىنىش ئاللاھقا يېقىنلىشىشتۇر، باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە يەتكۈزۈش سەدىقىدۇر، ئۆزئارا ئىلمىي مۇزاكىرە قىلىش كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغانغا تەڭدۇر، ئىنسان يېمەك - ئىچمەكتىنمۇ بەكرەك ئىلىمگە موھتاجدۇر.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنسان يېمەك - ئىچمەكتىنمۇ بەكرەك ئىلىمگە موھتاجدۇر. چۈنكى، ئىنسان يېمەك - ئىچمەككە كۈندە بىر ياكى ئىككى قېتىم موھتاج بولسا، ئىلىمگە بولغان ئېھتىياج نەپەسكە بولغان ئېھتىياجغا تەڭدۇر».

ئىلىم ئەھلىنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇقلۇقى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ باشقا پىلانېتالاردىن ئارتۇق بولغىنىغا ئوخشاش بولۇشى، پەرىشتىلەرنىڭ ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن قاناتلىرىنى يېيىپ، سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى ئىلىمگە يېتەرلىك شەرەپتۇر. ئىلىمسىز ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى نادانلىقى ۋە ئىلىمسىزلىكى تۈپەيلى مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئىلىمسىز باسقان ھەربىر قەدەمنىڭ شەيتاننىڭ قاپقىنىغا چۈشۈش خەۋپى بار، چۈنكى شەيتان بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىلا، ئۇنى شۇ يولدىن توسۇپ قېلىش ئۈچۈن مۇنۇ ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سالىدۇ:

**1) ئەقىدىۋى مەسىلىلەردە گۇمانغا تاشلاش**

دېمەك، شەيتان ئىنساننى يارىتىلىش، تەقدىر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەقىدىۋى مەسىلىلەردە گۇمانغا تاشلايدۇ. شۇڭا، ئىنسان بىرىنچىدىن، ئاللاھقا بولغان تەۋرەنمەس ئىمان بىلەن، ئىككىنچىدىن، ئىلىم بىلەن قوراللىنىپ، بىز ئاڭلاپ كەلگەن نۇرغۇن ئازغۇن تائىپىلەرگە ئوخشاش شەيتاننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، توغرا يولدىن ئېزىشقا باشلايدۇ.

**2) قەلبنى ئىسلاھ قىلىپ، نەپسنى پاكلاش باھانىسى بىلەن** تەركىدۇنيالىقنى ۋە جەمئىيەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، خىلۋەتتە ئىبادەت قىلىشنى چىرايلىق كۆرسىتىش

مانا بۇ شەيتاننىڭ ئىنسانغا قۇرىدىغان ئەڭ چوڭ تۇزىقىدۇر. شەيتاننىڭ بۇ تۇزىقى ئىسلاھاتچى ۋائىزنىڭ تونىغا ئورىنىۋالغانلارنىڭ قولىدا ئىشقا ئاشىدىغان بولغاچقا، ئىنسان بۇ تۇزاقتىن پەقەت ئىلىم ۋە دىننى توغرا چۈشىنىش بىلەنلا قۇتۇلۇپ قالالايدۇ.

**3) مەلۇم ئەمەلنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، باشقا**

## ئەمەللەردىن توسۇش

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر بىر خىل كىيىمنىلا كىيىپ، باشقىسىنى كىيمەيدۇ؛ بەزىلەر مۇئەييەن بىر ئىبادەتنىلا قىلىپ، ئۇنىڭدىن پەزىلەتلىكرەك بولسىمۇ باشقىسىنى قىلمايدۇ؛ بەزىلەر مەلۇم بىرىنى تەڭداشسىز پىشۋا بىلىپ، شۇنىلا ئۈلگە قىلىپ، گەرچە باشقىسى ئۇنىڭدىن تەقۋادارراق، ئالىمراق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نەزەر سالمايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي نىشانغا يېتىشتىن توسۇلغان ۋە پەردىلەنگەنلەردۇر».

بەزىدە قەلبنى پاكلايمەن دەپ خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ، رىيازەت چېكىپ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشنى نىشانغا يېتىشتىن توسقۇچى دەپ قارايدىغانلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارغا ئاللاھ ئۈچۈن دوستلىشىش، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەنلىشىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ گېپى قىلىنسا، ئۇنى ئارتۇقچە، زىيانلىق ئىش دەپ قارايدۇ؛ ئارىسىدىكى شۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى سەپلىرىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداقلار ھەرقانچە شۆھرەت قازانغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھتىن ئەڭ يىراق كىشىلەردۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

### 4) بىدئەتلەرنى قىلدۇرۇپ، ھەرخىل گۇمانلارغا سېلىش

ناۋادا ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئىلىم قورغىنى بىلەن ئۆزىنى قوغدىمىسا، ئۆزىمۇ تۇيمايلا شەيتاننىڭ گۇمان قاپقىنىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ - كىچىك گۇناھتىن پاك، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەۋزىلى تۇرۇپمۇ تويي قىلغان، تويتىن ئايرىلىپ ياشىمىغان، ئاغرىپ قالسا، داۋالانغان ئىدى. شۇنداق بولغان ئىكەن، بىز مۇشۇنداق ئىشلاردىمۇ ئۇنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، شەرىئەت پاكىتتۇر،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ھەرىكەت ۋە يوليورۇقلىرى بىزنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مىزانىدۇر.

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، بىز مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەھبەر، ئۈلگە ۋە ھاكىم قىلىمىز؛ چاقىرسا، لەببەي دەيمىز؛ تۇر دېگەن يەردە تۇرىمىز؛ ماڭ دېگەن يەرگە ماڭىمىز؛ ئۇ غەزەپلەنگەن ئىشقا غەزەپلىنىمىز؛ مەمنۇن بولغان ئىشتىن مەمنۇن بولىمىز؛ ئېيتقانلىرىغا خۇددى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك ئېتىقاد قىلىمىز؛ ئاللاھ ھەققىدە بىرەر مەلۇمات بەرسە، خۇددى ئاللاھتىن ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغاندەك ئىشىنىمىز.

جۇنەيد مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن يوللار تاقاق، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ يولىلا ئوچۇقتۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئاجىز كېلىپ قالسا، ئىرادىلىرى، ھىممەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشلىرى ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئازغانلارنىڭ ئەمەللىرى ۋە تىرىشچانلىقى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن ئازغانلىقى ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىلىمسىز ئىنسان ئاللاھ تەرەپكە تۈپتۈز، خاتىرجەم ماڭالمايدۇ. ئاللاھنىڭ يولى نۇرغۇن داۋان ۋە ئەگرى - توقايلىقلارغا تولغان. شۇڭا، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئىلىم بولمىسا، بۇ يولغا چىققانلار نىشاندىن ئادىشىپ، مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ.

ئۆلىمالار كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىلىم مەلۇم بىر ساھەگىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. كىمكى ئەقلىي ساغلام ۋە كامىل بولسۇن دەيدىكەن، ھەرساھە ئىلىمدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ئەمما، دەسلەپتە ۋاقىپ بولۇشقا تېگىشلىك مەلۇم ساھەلەر بولىدۇ. مەسىلەن، ئىنسان ئالدى بىلەن ئەقىدە ئىلمىنى ئۆگىنىپ،

ئەقىدىسىنى توغرىلاپ شەيتاننىڭ كىرىش ئېغىزلىرىنى توسۇشى كېرەك. چۈنكى، ئالىملار ئېيتقاندەك، ئىنسان ئاللاھنىڭ يولىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى شەيتان ۋەسۋەسىسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئاندىن ئەخلاق ئىلمى ئۆگىنىشى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان مۇئامىلە ۋە ئىبادەتلەردىكى هالال - هارامنى بىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن تىنچلىق ۋە ئۇرۇش، يەپ - ئىچىش، ئۇخلاش ۋە ئويغىنىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئائىلىسىگە مۇئامىلە قىلىش ئۇسلۇبلىرى قاتارلىق پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىشى كېرەك. شۇنىڭدەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، يادلاش، تەپەككۇر قىلىش، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ۋە تەپسىرلەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىگە قۇرئان كەرىم ئۇستىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئايەتلىرىنى ئۇزۇن - ئۇزۇن ئويلىنىشتىنمۇ بەكرەك ئەسقاتىدىغان، نىجاتلىققا ئەڭ يېقىنلاشتۇرىدىغان هېچنەرسە يوق.

# قەلبنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇش

بىرىنچى بۆلۈمدە دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەلب ئىنساندىكى ئىلىم - مەرىپەت ۋە پەم - پاراسەت ئورنىدۇر، ئىنساننىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ئاللاھقا يۈزلىنىدىغىنى قەلبتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا زېمىندىكى قۇلچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسۇن دەپ پۈتۈن كائىناتنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

قەلبتىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى ئاللاھقا قۇللۇق بىلدۈرۈش

بولۇپ، بۇ قۇلچىلىق ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولۇش، ئاللاھقا باش ئېگىش، ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەرىگە تەسلىم بولۇش، ئاللاھقا قايتىش، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، توسقانلىرىدىن يېنىش، ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپ، يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈش، ئاللاھ دوست تۇتقاننى دوست تۇتۇپ، دۈشمەن تۇتقاننى دۈشمەن تۇتۇش، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا خۇرسەن بولۇش، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ بولالمىغانلىقىغا قايغۇرۇش، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھنى ھاكىم قىلىش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن غەزەپلىنىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەكس ئېتىدۇ.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەلبىنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى ۋە كۆرىدىغان ئەينىكى (كۆزى) بار بولۇپ، بۇ ئەينەككە كۆڭۈل بۆلۈنمەي تاشلاپ قويۇلسا، گۇناھ - مەسىيەت تۇمانلىرى ئاستىدا خىرەلىشىپ، يۈزىنى قاتمۇقات پەردىلەر توسۇۋالىدۇ - دە، قەتئىي كۆرەلمەيدىغان كور بولۇپ قالىدۇ.

زۇلمەت قانچە كۈچىيىپ، ئەينەك يۈزىدىكى خىرەلىك ئاشقانسېرى نەپس قەلبكە شۇنچە ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ، نەتىجىدە قەلبنى ئەسىر ئېلىپ، قۇل قىلىدۇ. بۇ چاغدا قەلبنىڭ پۈتۈن ھېس - تۇيغۇلىرى نەپسكە باش ئېگىدۇ، نەپس ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىدۇ، يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدۇ، نەپس ئۈچۈن دۈشمەنلىشىدۇ، نەپس ئۈچۈن غەزەپلىنىدۇ، نەپس خۇشال بولغاندىن خۇشال بولىدۇ، نەپس قايغۇرغانغا قايغۇرىدۇ، قىسقىسى، قەلب پۈتۈن ھېس - تۇيغۇلىرىدا مۇشۇ رەۋىشتە نەپسكە بويسۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلبكە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن پارلىتىپ تۇرۇش قەلبنى تەربىيەلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەلبكە كۆڭۈل بۆلۈش گۇناھ - مەسىيەتلەردىن سەممىمىي تەۋبە قىلىش، توسۇۋالغان پەردىنى ئېچىش، سەل قارىماسلىق ۋە داۋاملىق ئەينەكنى تازىلاپ تۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆتمۈشتىكى گۇناھ

- مەسىيەتلەردىن سەممىي تەۋبە قىلىش ئاللاھقا يۈزلىنىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. تەۋبىنىڭ شەرتلىرى قانچىلىك تولۇق بولسا، باشلىنىشمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. كونىلاردا: «جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق» دەيدىغان گەپ بار.

تەۋبە مېۋە بېرىپ قەلب پارلىشى ئۈچۈن گۇناھ - مەسىيەتكە ئاپىرىدىغان ھەرقانداق سەۋەب تۈپتىن يوق قىلىنىشى ۋە قەلب ئەينىكىنىڭ پەردىلىرى ئېچىۋېتىلىشى لازىم.

بۇ پەردىلەر: تەكەببۇرلۇق، نىپاق، باشقىلارنى ياراتماسلىق، مەغرۇرلۇق، رىياخورلىق ۋە دۇنياغا مۇھەببەت باغلاش قاتارلىقلاردۇر. مانا بۇلار قەلبنى ئاللاھتىن توسىۋالىدۇ. ئىنسان بۇ پەردىلەرنى بىراقلا قومۇرۇپ تاشلىيالمىسىمۇ، مەدەت بېرىشنى توختىتالايدۇ. نەتىجىدە بۇ پەردىلەر ئاستا - ئاستا سۇزۇلۇپ يوقىلىدۇ.

ئۆتمۈشتىكى گۇناھ - مەسىيەتلەردىن تەۋبە قىلىپ، گۇناھ - مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش ئارقىلىق قەلب پەردىلىرىنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى داۋاملىق پارلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن قەلبكە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئىش پەقەت قەلبتىكى ئىمان دەرىخىگە ئوزۇق بولىدىغان سالىھ ئەمەللەرنى ئىزچىل قىلىش بىلەن رويابقا چىقىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا قەلبتىكى ئىمان دەرىخى كۆكلەپ باراقسانلىشىدۇ، قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئېتىپ تېخىمۇ كۆركەملىشىدۇ، قەلب كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئېشىپ ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ پەرقىنى ئاسانلا ئايرىيالايدۇ.

ئەللامە رامىزان بۇتىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىمىز ئىمكانقەدەر جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان نامازلارنى مەسچىتتە ئوقۇشقا؛ مەسچىتكە بالدۇر بېرىپ، ئەزاننى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا؛ نامازدا ئىمكانقەدەر سەگەكلىك بىلەن، ئاللاھقا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز

بىلەن تەسلىم بولغان هالدا تۇرۇشقا قولىمىزدىن كېلىشچە تىرىشىشىمىز، نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت ناماز ۋە زىكىرلەرگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. هەر كېچىسى سەهەر تۇرۇپ، ئاز دېگەندە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ پەرۋەردىگارىمىزغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشقا تىرىشىشىمىز، بامدات نامىزىغىچە ئىستىغفار ئېيتىپ ئولتۇرۇشىمىز، نامازغا ئەزان ئوقۇلغاندا نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۈن چىققانغا قەدەر ئۇخلىماي، بۇ ۋاقىتنى ئەتىگەنلىك زىكىر - تەسبىھ ۋە قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

ئەمەلىي شارائىتىمىزغا قاراپ هەر كۈنى قۇرئان كەرىمدىن بەلگىلىك مىقداردا ئوقۇشقا ئادەتلىنىشىمىز ۋە ئوقۇغانلىرىمىزنى تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇشنى ئۈنتۈپ قالماسلىقىمىز؛ قۇرئان كەرىمنى ئاز دېگەندە هەر ئايدا بىر قېتىم تاماملاشقا تىرىشىشىمىز؛ ھەممىمىز زىكىر - تەسبىھ، تەۋبە - ئىستىغفار ئېيتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇشنى ئىزچىل كۈندىلىك ۋەزىپە قىلىشىمىز كېرەك.

هەر ئاينىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئىنسان ئاچلىقنى هېس قىلسا، قەلبى يۇمشايدۇ، بەدىنى بوشىشىدۇ، پۇت - قوللىرى ۋە باشقا ئەزالىرى تائەت - ئىبادەتكە يۈزلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، هەر هەپتىنىڭ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى، زۇلهەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنى، مۇهەررەم ئېيىنىڭ 9 - ۋە 10 - كۈنلىرى، شەۋۋال ئېيىدىن 6 كۈن روزا تۇتۇش تەۋسىيە قىلىنغان كۈنلەر بولۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز كېرەك.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋە ئويغانغاندىن كېيىن، هاجەتخانىغا كىرگەندە ۋە چىققاندا، تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، هىلال ئاينى كۆرگەندە، ئۆيدىن چىققاندا ۋە كىرگەندە، مەسچىتكە بارغاندا ۋە

باشقا ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا ئادەتلىنىشىمىز كېرەك».

يەنە ئامال بار كۆپرەك سەدىقە بېرىشكە ئادەتلىنەيلى! چۈنكى، خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، سەدىقىمۇ خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ، قەلبنى پاكلايدۇ ۋە نەپسنى تازىلايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن...**﴾[219].

ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن قەبرىستانلىقلارنى زىيارەت قىلىشقا ۋە مېيىت نامازلىرىغا قاتنىشىشقا ئادەتلىنىشىمىز، ھارامنى ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى يەپ سېلىشتىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ھارام يېيىش قەلبنى ساقايماس كېسەل قىلىپ قويىدۇ.

# نەپسنى چېنىقتۇرۇش ۋە پاكلاش

ئىلگىرىكى مەزمۇنلاردىن نەپسنىڭ بارچە يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى؛ ئۇنىڭ تەبىئىتى ئالدىغاننى ئېلىپلا، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئىكەنلىكى؛ قاچانكى ئىنسان ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنسا، دەرھال ئەسىر ئېلىپ ئۇنى قۇل قىلىدىغانلىقى؛ شۇڭا نەپس بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىشتىنمۇ قىيىن ئىكەنلىكى ئايان بولدى. چۈنكى، نەپس ئۆزىمۇ سۆيۈملۈك، ئۇ چاقىرغان نەرسىمۇ سۆيۈملۈكتۇر. ئۇ كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرگىلا چاقىرىدۇ. كاپىرلار بىلەن كۈرەش قىلىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى دۈشمەن

---

[219] تەۋبە سۈرىسى، 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن كۈرەش قىلىشتا چىدامچان كېلىدۇ.

ئىبنى مۇبارەك ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**ئاللاھنىڭ يولىدا لايىق رەۋىشتە جىھاد قىلىڭلار...**﴾[220] دېگەن سۆزىنى تەپسىر قىلىپ: «نەپس ۋە ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن جىھاد قىلىڭلار» دېگەن.

نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش ئۇنى دۈشمەن تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى جىھاد ئېلان قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئىبنى ئاتائۇللاھ سەكەندەرىي مۇنداق دەيدۇ: «جىھادتا ھالاۋەت يوق. چۈنكى، ئۇنىڭدا قىلىچ - نەيزىدىن باشقا نەرسە يوق. شۇڭا، نەپسىڭ بىلەن جىھاد قىلغىنىڭكى، شۇ ئەڭ چوڭ جىھادتۇر. بىلگىنىڭكى، بالىسى ئۆلگەن ئايالغا ھېيبەت بولمايدۇ، بەلكى ھېيبەت نەپسىنى كونترول قىلىپ، كۆڭلىنى يىغالىغان ئادەمگە بولىدۇ».

ئۇنداقتا، ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن نەرسىگە قارشى قانداق كۈرەش قىلىمىز؟

بىز تاكى نەپسىمىزنى دۈشمەن بىلىپ قارشى سەپتە تۇرمىغۇچە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش تۇغىنى لەپىلدىتىپ جەڭ ئېلان قىلالمايمىز. نەپسىمىزنىڭ ئاپەتلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىزگە يامانلىق قىلىشنىڭلا كويىدا ئىكەنلىكىگە، بۇ يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخ بولىدىغانلىقىغا چىنپۈتمەي تۇرۇپ نەپسىمىزنى دۈشمەن كۆرەلمەيمىز. زېھنىمىزدە مۇشۇ ئاڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان چاغدا نەپسىمىزنى ئۆزلۈكىمىزدىن دۈشمەن تۇتۇشقا ۋە ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشقا باشلايمىز. بۇ جەڭ تاكى بىز ئۆلگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. شۇڭا، كونىلار: «مۇئمىن قىلىچىدىن قان تامچىغان ھالدا جان ئۈزىدۇ» دېگەن ئىكەن.

بۇ بۆلۈمنىڭ بېشىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاۋۋال ھەرقانداق ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالىي جايدا ئولتۇرۇپ نەپسىمىزدىن قاتتىق ھېساب ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ جەريانىدا بارلىق قىلمىش -

[220] ھەج سۈرىسى، 78 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەتمىشلىرىمىزنى ئەسلەپ، شۇ قىلمىشلىرىمىزغا تۈرتكە بولغان ئامىللىرىنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىمىزدىن سورىشىمىز كېرەك. ئاۋۋال ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەپ، ئاندىن «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىن» ۋە «مۇختەسەر مىنھاجۇل قاسىدىين» قاتارلىق قەلب كېسەللىرىنى بايان قىلىدىغان كىتابلاردىكى «ئىنسانىنى ھالاك قىلغۇچى ئاپەتلەر» بۆلۈمىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشىمىز كېرەك. مەزكۇر كىتابلاردا بايان قىلىنغان ھەربىر كېسەلگە ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىزدىكى ئالامەتلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ناۋادا بىزدە مەلۇم ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق شۆھرەت قوغلىشىش ۋە نام - ئاتاقتا ئېرىشىش ئاپەتلىرى تېپىلىپ قالسا، بىزدە رىياكارلىق ۋە ئابرۇيپەرەسلىكنىڭ ئالامەتلىرى بار دېگەنلىكتۇر.

نەپسىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى مانا مۇشۇنداق تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز، ھەر قېتىمدا نۆلدىن باشلىماسلىقىمىز ئۈچۈن بايقىغان كېسەللىكلەرنى خاتىرىلەپ مېڭىشىمىز كېرەك. بۇ ئىشلار مانا مۇشۇنداق توغرا رەۋىشتە تاماملىنىپ، ھەممىمىز كېسەللىمىزگە دىياگنوز قويۇپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن ئىسلاھات ھەرىكىتى باشلىشىمىز كېرەك. بۇ تەربىيەشۇناسلار ئېيتقاندەك، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغانلىقتۇر.

كىمكى كۆڭلىدە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلاپ قالسا، بىر مەزگىل كەمتەرلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تىرىشسۇن، پېقىر - مىسكىنلەر بىلەن كۆپرەك ھەمسۆھبەت بولسۇن، ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدە تەسىرى كۈچلۈك كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىدىنمۇ ياخشىلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئاشۇلارنىڭ شۇنچىۋالا ياخشى كىشىلەر تۇرۇپمۇ قىلچە تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق قىلمايدىغان، ئىنتايىن كەمتەر كىشىلەر ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا يېقىنلاشسۇن!

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە چوڭ كۆرۈنۈش ھېسسىياتى بولغان كىشى ئەمەللىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇن تۇتۇش ئۈچۈن نەپسى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىشى كېرەك. كىمدە كۆپ گەپ قىلىپ، سورۇننى بېشىغا كىيىشكە ئامراقلىق ئىللىتى بولسا، نەپسىنى سۈكۈتكە زورلىسۇن ۋە مۇشۇنىڭ ئۈچۈن نەپسىگە قارشى كۈرەش قىلسۇن!

كىمكى ئۆزىدە تەڭتۇشلىرىنىڭ ياخشىلىققا نائىل بولۇشىنى خالىماسلىق ئىللىتى بارلىقىنى بايقىسا، ئۇلارغا غايىبانە دۇئا قىلسۇن، ئۇلارغا بىرەر ياخشىلىق يەتكەندە، بېرىپ تەبرىكلىسۇن، ئۇلار يوق يەردە باشقىلارغا كۆپ ماختاپ بەرسۇن!

مانا بۇ تۈنجى قەدەمدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما، كېيىنكى قەدەمدە ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىش - ھەرىكىتىمىزنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ھەر ئىشقا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن كۆڭلىمىزدە ئىخلاسنى ھازىر قىلىشىمىز، ئادا قىلىش جەريانىدا نەپسىمىزنى كونترول قىلىپ، ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەپسىمىزدىن ھېساب ئېلىپ، مەزكۇر ئەمەلنى ئادا قىلىشتىكى كەمچىلىكلەرگە قارىتا نەپسىمىزنى تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ سالىھ پېشۋالىرىمىزنىڭ يولىدۇر.

ھەسەن بەسرىي رەھىمەھۇللاھ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى...**﴾[221] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن داۋاملىق: نېمىشقا دېدىم؟ نېمىشقا يېدىم؟ نېمىشقا ئىچتىم؟ دەپ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلەپ تۇرىدۇ، ئەمما پاسىق نەپسى بىلەن ھېسابلاشماي مېڭىۋېرىدۇ».

بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن:

– قاچان گەپ قىلىمەن؟ – دەپ سورىغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز:

[221] قىيامە سۈرىسى، 1 - ئايەت.

– سۈكۈت قىلماقچى بولغىنىڭدا، – دەپ جاۋاب بەرگەن. مەزكۇر كىشى:

– قانداق چاغدا سۈكۈت قىلىمەن؟ – دەپ سورىغاندا:

– گەپ قىلماقچى بولغىنىڭدا، – دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ بىرەر كىتاب يېزىپ، ئۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالسا، يىرتىۋېتىپ مۇنداق دەيدىكەن: «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتىم. ئۇ بىر بوستانلىققا كىرىپ كەتتى. ئارىمىزدا پەقەت بىر تاملا بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«نېمىدېگەن ياخشى پۇرسەت بۇ، ھەي خەتتابنىڭ ئوغلى! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يا ئاللاھتىن قورقىسەن، يا ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىسەن».

مەيمۇن ئىبنى مەھران مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۆز نەپسىدىن تىجارەتتىكى شېرىكىدىن ھېساب ئالغىنىدىنمۇ قاتتىقراق ھېساب ئالمىغۇچە تەقۋادار بولالمايدۇ».

ئەھنەف ئىبنى قەيس يېنىپ تۇرغان چىراغقا بارمىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

– مۇشۇ ئەرزىمەس ئوتنىڭ كۆيۈك دەردىنى تېتىپ باققىن، ھەي ئەھنەف! سەن پالان كۈنى مۇنۇ - مۇنۇ ئىشلارنى نېمىشقا قىلدىڭ؟ – دەيتتى.

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر مۇنداق دەيدۇ:

مەسچىتتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر ئازادگەردىسىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم: «ئەي نەپسىم ئولتۇر! قەيەرگە بارىسەن؟ قەيەرگە چىقماقچى؟ مۇشۇ مەسچىتتىنمۇ ياخشى جاي نەدە بار؟ مەسچىتتىكى ئابىدلار ۋە ئىبادەتلەرگە قارىغىنا! بۇ جايدىن چىقىپ پالان - پۇستاننىڭ سارايلىرىغا نەزەر سالماقچىمۇ؟

ھەسەن بەسرىي ئەمەلنى باشلاشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى مۇئمىننىڭ نەپسىنىڭ ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، مۇئمىن نەپسىنى باشقۇرالايدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابنىڭ يەڭگىل بولۇشى پەقەت دۇنيادا نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغانلار ئۈچۈندۇر. ئەمما، دۇنيادا نەپس تىزگىنىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ياشىغانلارنىڭ ھېسابى ئاخىرەتتە قاتتىق بولىدۇ. مۇئمىن كىشى كۈتۈلمىگەندە خۇشاللىنارلىق بىر ئىشنى كۆرگەندە: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا ئامراق، ساڭا موھتاج، ئەمما مېنىڭ سەن بىلەن ئىشىم يوق. كۆزۈمدىن يوقال! مەن بىلەن سېنىڭ ئارىمىزدا توسۇق بار› دەيدۇ. ناۋادا مۇئمىندىن ئازراق سەۋەنلىك سادىر بولۇپ قالسا، مۇئمىن دەرھال ھوشىنى يىغىپ: ‹مېنىڭ بۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى. قانداقسىگە بۇ سەۋەنلىك مەندىن سادىر بولدى؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىشنى قايتا قىلمايمەن› دەپ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ».

مۇئمىنلەر قۇرئان كەرىم چىن ئىشەنچكە ئىگە قىلغان ۋە ھالاكىتىنىڭ ئالدىنى ئالغان كىشىلەردۇر. مۇئمىن بۇ دۇنيادا ھۆرلۈكى ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان بىر ئەسىرگە ئوخشايدۇ؛ تاكى ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولغانغا قەدەر ھېچنېمىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ؛ كۆز، قۇلاق، تىل ۋە پۈتكۈل ئەزالىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

ئاۋۋال بىر كۆپرەك روزا تۇتۇش ئارقىلىق نەپسىمىزگە قارشى

كۆرەش قىلايلى. چۈنكى، ئىمام غەززالىي ئېيتقاندەك، نەپس ئاچ قېلىش بىلەن ئاجىزلىشىدۇ، پەرۋەردىگارىغا باش ئېگىپ بويسۇنىدۇ، ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىرەيلەن بىر دانىشمەندىن:

– نەپسىمنى قانداق كونترول قىلالايمەن؟ – دەپ سورىغاندا، دانىشمەن:

– ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن كونترول قىلغىن، غۇرۇرىنى سۇندۇرۇش بىلەن بويسۇندۇرغىن، زاھىدلارنىڭ ئاستىدا قويۇش بىلەن خار قىل، يامان كۆزدە قاراش بىلەن ئاپەتلىرىدىن قۇتۇلغىن، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە قارشى ئىش قىلغىن! – دېگەن ئىكەن.

ئەمەلىي پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا نەپسىدىن ھېساب ئېلىشنىڭ ئۆرنەكلىرىنى ئىلاۋە قىلدۇق. ھەركىم ئۆزى ئېھتىياجلىق دەپ قارىغاننى ئېلىپ، قالغىنىنى نەزەردىن ساقىت قىلسا بولىدۇ.

# ئۆزنى قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم ئىككى نۇقتا:

بىرىنچى نۇقتا: مۇسۇلماندا قەلب ئەينىكىنى تازىلاپ تۇرىدىغان، نەپسىدىن ھېساب ئېلىشقا ياردىمى بولىدىغان، پايدىلىق ئىلىم ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنى مۇھاپىزەت قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان كۈچلۈك تۈرتكە بولمىسا، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئەقلىنى تەربىيەلەش، قەلبىنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇش ۋە نەپسىنى پاكلاش قاتارلىق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ كۈچلۈك تۈرتكە تەقۋادارلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزنى تەقۋادارلىققا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿...سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار) غىمۇ، سىلەرگىمۇ ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق...﴾**[222].

تەقۋادارلىق قارائخغۇ - زۇلمەتنى يورۇتۇپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى يوقىتىدىغان نۇردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەر (ئاخىرەتتە پۇلسىرات ئۈستىدە) ماڭىدىغان نۇر ئاتا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ بەكمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**[223].

ئۆزىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولغان ھەربىر كىشى شۇ نىشانغا يەتكۈزىدىغان ئامىللارنى تاللاشتا قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە تەقۋادارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشى لازىم. بۇ ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئاچكۆز بولماسلىق؛ ئۆلۈمنى، قەبرىنى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ ھېساب مەيدانىغا يىغىلىشنى، جەننەتنى، دوزاخنى ۋە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىشنى ئېسىمىزدىن قەتئىي چىقارماسلىقتۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتتە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ دۇنيادا خۇددى غېرىبتەك ياكى مۇساپىردەك ياشىغىن!» دېدى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: **«بىر كۈنى كەچ قىلغىنىڭدا تاڭغا ئۇلىشىشنى، تاڭغا ئۇلاشقىنىڭدا كەچكە يېتىشنى كۈتمىگىن، كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى،**

---

[222] نىسائ سۈرىسى، 131 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[223] ھەدىد سۈرىسى، 28 - ئايەت.

**ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ھاياتلىقىڭنى غەنىيمەت بىلگىن!»**[224].

ئىككىنچى نۇقتا: ئەقىلنى تەربىيەلەش، قەلبنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇش ۋە نەپس بىلەن كۈرەش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. دېمەك، قەلبكە ئەھمىيەت بېرىشتە ئىلىم بىلەن قوراللىنىشقا سەل قارىماسلىق، ئىلىم يولىدا نەپسكە قارىتا نازارەتنى كۈچەيتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. چۈنكى، ئەقىل، قەلب ۋە نەپسنىڭ قۇرۇلما ئورىنتىسى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن.

ئىنساننىڭ نەپسگە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن، بۇ غەلىبىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئىمانىي كۈچى بولۇشى لازىم. بۇ پەقەت قەلبكە ۋە ئىلىمگە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ كۈرەشكە ئىلىمسىز ئاتلانغان كىشى ئاسانلا شەيتاننىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ، شەيتان ئۇنى خالىغانچە بىدئەت ۋە شۈبھىلەرگە پاتۇرۇپ قويىدۇ.

خۇلاسە: بىز مۇشۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەيلى دەيدىكەنمىز، ئەقىل، قەلب ۋە نەپسنى تەربىيەلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

[224] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

# بەشىنچى بۆلۈم

## پېشقەدەم مۇرەببىيلەرنىڭ بىر قىسىم تەۋسىيەلىرى

**1. ئۆزىنى تەربىيەلىمەكچى بولغان كىشى يول بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، داۋانلىرى ۋە خەتەرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان، ئاللاھ يولىدا قولىدىن تۇتۇپ ماڭىدىغان بىر ئۇستاز تۇتۇشى كېرەك.**

سالىھلاردىن بىرى بۇ ئۇستازنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇستازىڭ سەن پەقەت گېپىنىلا ئاڭلايدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى سەن ئىلىم ئالىدىغان كىشى بولسۇن؛ ساڭا گەپ بىلەنلا تەربىيە قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى ئەخلاقى ۋە ئىبادەتلىرى بىلەن ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشى بولسۇن؛ پەقەت ۋەزخانلىقلا قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتى سېنى يۈكسەلدۈرەلەيدىغان كىشى بولسۇن!».

بۇنداق سۆپەتكە ئىگە ئۇستازلار كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ.

كۆپىنچىمىز بۇنداق ئۇستازلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىكىمىز، ئۇچراشقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ ماڭالماسلىقىمىز مۇمكىن.

ئىمام، شەھىد ھەسەنۇلبەننا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئۇممەتنىڭ ئىسلاھاتى شەخسنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن، شەخسنىڭ ئىسلاھاتى نەپسنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ؛ نەپسنىڭ ئىسلاھاتى ئىزچىل تەربىيە ۋە تەنقىد بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ؛ ئەقىلنى پايدىلىق ئىلىم كونترول قىلىدۇ؛ ئاللاھقا بويسۇنۇش، زىكىر - تەسبىھ ئېيتىش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق قەلب ئەينىكى پارلايدۇ. تەلىم - تەربىيە ئۇممەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۈكسەلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. چۈنكى، تەلىم - تەربىيەنىڭ مەقسىتى نەپس بىلەن كۈرەش قىلىپ نەپسنى يېڭەلەيدىغان، مەيداندا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان ئۇممەت يېتىشتۈرۈشتۇر».

ئىمام ھەسەنۇلبەننا شەخسنىڭ ئاللاھ تەرەپكە ماڭغان يولىدا قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭالايدىغان ئۇستازغا تولىمۇ موھتاجلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇنداق سۈپەتلىك ئۇستازلار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولالىشى ناتايىن. بۇ ئەھۋال مۇشۇ يولدىكى يولۇچىلار ئۇچرايدىغان چوڭ توسالغۇلاردىن بىرىدۇر.

ئىمام ھەسەنۇلبەننا رەھىمەھۇللاھ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن ھەربىر شەخس ئۆزىنى تەربىيەلەپ كېتەلەيدىغان ئۇنۇملۇك بىر تەربىيە سىستېمىسى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىدە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ تەربىيە سىستېمىسى «ئۇسرە تۈزۈمى (ئائىلە تۈزۈمى)» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئۇسرە» بولسا شەخسنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان تەربىيە باغچىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېتىشتۈرۈشنى خالىغانلار قوشۇلىدۇ؛ «ئۇسرە» ئەزالىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ داۋاملىق ئاللاھ يولىدا ئىلگىرىلەيدۇ؛ پەرۋەردىگارىنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىپلا تۇرىدىكەن، ئۇلارغا ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرماسلىقى، نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قورالى شەرىئەت، يولباشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇلار شۇنچىۋالا ئاجىز، بىچارە تۇرۇپ يەنىلا ئاللاھنىڭ يولىدا بالداقمۇبالداق ئۆرلەيدۇ. ئەمەللىرى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بولغان سەمىمىيىتى ۋە ئىخلاسى ئۇلارنى ئالدىنقى سەپكە لايىق قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ھەربىر «ئۇسرە» نىڭ مەسئۇلى بولىدۇ. بۇ مەسئۇلنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى سەپكە باشقا قېرىنداشلىرىدىن بۇرۇن قېتىلغان بولۇشى؛ ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدا يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەن بولۇشى؛ باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەملىنىشىپ، ئېنىق غايە تىكلىگەنگە قەدەر ئۇلارنى قەدەممۇقەدەم ئاللاھ يولىغا باشلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، تەربىيە دېگەن مەسئۇل بولغۇچى ئۆزى ۋە قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ چىقارسا، شۇنچە ھوسۇل بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىق، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر. ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار. بۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن**

**دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۆمىنلەرنى بۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغفىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى﴾** [225].

## 2. ئۆزىنى تەربىيەلەش مەزگىلى تىنچ مۇھىتقا موھتاج

كۆپ قىسىم مۇرەببىيلەر تەربىيەلەش ۋە ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە ھەرقانداق ناچار مۇھىتتىن يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. جۈملىدىن، ئىبنى ئاتائۇللاھ سەكەندەرىي قىممەتلىك ھېكمەتلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ۋۇجۇدۇڭنى يەرگە كۆمگىن، كۆمۈلمەي قالغىنىدىن ئۆسۈپ چىققان نەرسە ھوسۇل بەرمەيدۇ».

ئىبنى ئاتائۇللاھ سەكەندەرىي تەربىيەنى كۆن نۇرىدىن خالىي يەر قاتلىمىغا كۆمۈلگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا بىخلىنىپ ھاياتلىققا يول ئالغان، تولۇق ئۆسۈپ كۈن نۇرىدا تىك تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يەر يۈزىدە قەد كۆتۈرگەن بىر ئۇرۇققا ئوخشىتىدۇ. بىز ئۇرۇقنى يەر قاتلىمىغا كۆمۈپ، پەرۋىش قىلماي تاشلاپ قويساق، ناچار مۇھىتنىڭ تەسىرىدە كۆزلىگەن ھوسۇلنى بەرمەيدۇ.

ئىبنى ئاتائۇللاھنىڭ بۇ ئوخشىتىشتىكى مەقسىتى شۇكى، كىشىلەر سىڭىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈڭ ھايات تۇرۇپ نەپسىڭنى تىلغا ئېلىنمايدىغان يەرگە دەپنە قىلىش ئارقىلىق، ئەقلىڭنى ئىلىم بىلەن، قەلبىڭنى زىكىر - تەسبىھ بىلەن، نەپسىڭنى ئىزچىل تىركىشىش بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىغان ھالەتنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزمىگۈچە، كىشىلەر سىڭىنىڭ ئىلمىڭدىنمۇ، دەۋىتىڭدىنمۇ تولۇق پايدىلىنالمايدۇ.

---

[225] فەتھ سۈرىسى، 29 - ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ھىرا غارىدا خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلاتتى، پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ھەر يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئون كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى، ۋاپات بولغان يىلىمۇ رامىزان ئېيىدا يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلغان. بۇنداق خىلۋەتتە ئىستىقامەت قىلىشتىكى مەقسەت كىشىلەردىن يىراقلىشىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن يېتەرلىك تىنچ مۇھىتقا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

بۇ مەزگىلدە ئىنسانىنىڭ بېرىدىغانلىرىدىن ئالىدىغانلىرى كۆپ بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئۇ ئۆزىنى تەربىيەلەشكە يېتەرلىك ئوزۇق ئالالمىسا، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. پىشىپ يېتىلمەي تۇرۇپ ئابرۇيپەرەسلىك قىلىش ئىنسانغا نىسبەتەن تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدۇر. بەزىلەرنىڭ تولۇق سالاھىيەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپلا ئابرۇيپەرەسلىككە دۇم چۈشۈشى چىراغقا يېقىنلاشقان ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ، يېقىنلاشقانسېرى كۆلەڭگىسىنى ئۆزىدىن يوغان كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم يەنە شۇ، قىلچە يوغىناپ قالغىنى يوق، چوڭايغىنى پەقەت كۆلەڭگىسىدۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇ كۆلەڭگىسىگە ئالدىنىپ، ئۆزلىرىنى چوڭ چاغلاپ، باشقىلارنى كەمسىتىدۇ؛ بۇ تۇيغۇ ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ؛ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش، ئىلىم - مەرىپەتكە موھتاجدەك، بىلىمسىز كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن قېچىشقا ئۇرۇنۇش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر غېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۈچۈن تەر تۆكمەي، بىر كۈنمۇ ئىلىم يولىغا قەدەم باسماي تۇرۇپ ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى چاغلايدىغان، ئۆزىنى ئالىملارنىڭ سېپىگە قويۇۋالىدىغان بەزى كىشىلەرمۇ بار. بۇلار تولۇق سالاھىيەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپ ئابرۇيپەرەسلىك، مەنمەنچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلار بولۇپ، باشقىلار ئۆزلىرىنى بىلىمسىزكەن دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن نەدىن سورىسا، شۇ يەردىن جاۋاب بېرىدۇ؛ رەددىيەگە ئۇچرىسا، ئاچچىقى كېلىدۇ؛

مۇنازىرىلەشسە، جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؛ نەسىھەت قىلىنسا، قوبۇل قىلمايدۇ؛ ئۆزىنى خۇددى كۆلەڭگىسىدەك چوڭ كۆرۈپ، باشقىلارنى ئەمەلىيەتتىكىدىنمۇ كىچىك چاغلايدۇ.

بۇنداقلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسى ئاسانلا پاش بولىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىگە ئورا كولىغان، ئۆزىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئورنىغا، ئابرۇي چىرىغى ئاستىدىكى كۆلەڭگىسىگە ئالدىنىپ، شان - شۆھرەت تەمەسىدە دۇنيانىڭ خىلمۇخىل زىبۇزىنىنەتلىرىگە شەيدا بولۇپ، قەلبىگە كۆڭۈل بۆلۈش، نەپسىنى پاكلاش ۋە ئەقلىنى ئىلىم نۇرى بىلەن پارقىرىتىش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويغان كىشىلەردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىمام شافىئىيغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ زات مۇشۇ مەزمۇننى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كىمكى مەنسەپ قوغلاشسا، مەنسەپ ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، گۆدەكلەرنىڭ سۆھبىتىدە ئولتۇرغان كىشى نۇرغۇن ئىلىمدىن مەھرۇم قالىدۇ».

**3. گۇناھ - مەسىيەتتە ھەددىدىن ئېشىشنىڭ ئاقىۋىتى تائەت - ئىبادەتتە ھەددىدىن ئاشقاندىن ياخشىراق**

ئىمام ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «نەپس بەزىدە سالىھ ئەمەلنىمۇ ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، نەگە شىلتىسا، شۇ يەردە قىر - چاپ قىلىدىغان قورالنىڭ ئورنىدا قىلىۋالىدۇ. كىشى بەزى ئىنسانلارنى زاھىد، تەقۋادار، مۇجاھىد دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاللاھتىن تولىمۇ يىراق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە قارىغاندا ئاسىيلارنىڭ قەلبى ئاللاھقا ۋە ئىخلاسمەنلىككە بەكرەك يېقىندۇر».

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەرنى بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىدىن ۋاقىپلاندۇرسا، ئۇلار تولىمۇ كەمتەرلىك بىلەن دەرھال نەپسىنىڭ ئەيىبلىرىنى تەكشۈرۈشكە يۈزلىنىدۇ، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش يوللىرىنى ئىزدەيدۇ، قەلب بىلەن نەپس

ئارىسىدىكى بوشلۇقنى ئېتىشكە تىرىشىدۇ.

مەسىلەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالساق، مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى ئەينى چاغدا ئۇنى ۋە ساھابىلىرىنى ئانا ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان، ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشلارنى قىلغان دۈشمەنلىرىنى ئاللاھ تائالا خار قىلغان كۈن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە قارا سەللىسىنى يۆگەپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا كەمتەرلىكىنى ئىزھار قىلىپ ھەتتا بېشىنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا تېگىپ قالغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەن سالغان ھالدا كىرگەن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق كۈندە نەپسنى غەلىبە ۋە زەپەر تەنتەنىسى قاپلايدۇ. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق تەنتەنىلىك پەيتلەردىمۇ پەرۋەردىگارىغا ھەقىقىي قۇل بولۇپ ياشايتتى.

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىرادىلىك، پەم - پاراسەتلىك كىشىلەر ئاللاھقا لايىقىدا ئىبادەت قىلالمىغان بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەگەر ئاللاھ بۇيرۇپ يول كۆرسەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا قانداق قۇلچىلىق قىلىشنى ۋە ئۇنى قانداق رازى قىلىشنى بىلەلمەي دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەرقانداق ئىبادەتتىن كېيىن ئىنتايىن كۆپ ئىستىغفار ئېيتىدۇ».

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بۇ ئۇقۇم سەن نەپسىڭنى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىلەرنى ئەيىبلەشتىن توسقان چاغدىلا مۇكەممەللىشىدۇ. قېرىندىشىنى بىرەر گۇناھ تۈپەيلى ئەيىبلەش، ئۆزىنىڭ ئىبادىتىنى پەش قىلىپ چوڭچىلىق قىلىش ۋە ئۆزىنى ئاقلاش گۇناھ ئىشلىگەندىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر. گۇناھكارنىڭ كۆڭلىنىڭ سۇنۇقلۇقى، گۇناھتىن كېيىن ھېس قىلىنىدىغان خارلىق ۋە كەمتەرلىك، گۇناھ سەۋەبىدىن ئۆزىنى كەمسىتىش ئىبادەتلىرىنى داۋراڭ سېلىپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ، باشقىلارنى

كۆزگە ئىلماسلىقتىن كۆپ ياخشىدۇر. گۇناھلىرى تۈپەيلى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قەلبى سۇنۇق ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغۇچى سېنىڭ مىننەتلىك خەير - ساخاۋىتىڭدىن، ئاللاھقا ۋە بەندىلەرگە ئىبادەتلىرىڭنى پەش قىلىشىڭدىن كۆپ ياخشىدۇر. بەلكىم، ئاۋۇ ئاسىي بەندە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئەڭ يېقىن، ئۆزىنى تەقۋادار چاغلايدىغان ماۋۇ ئەركە بەندە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئەڭ يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

ئىبنى ئاتائۇللاھ سەكەندەرىي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئاللاھ تائالا ساڭا تائەت - ئىبادەت ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، قوبۇل ئىشىكىنى ئېچىۋەتكىنى يوق. ئاللاھ ساڭا بىرەر گۇناھنى پۇتۇۋەتكەن بولسا، بەلكىم شۇ گۇناھ سېنىڭ ئاللاھقا ئۇلىشىشىڭغا تۇرتكە بولۇشى مۇمكىن. كىشىنى كەمتەرلەشتۇرۇپ، موھتاجلىق ھېس قىلدۇرىدىغان گۇناھ - مەسىيەت تەكەببۇرلاشتۇرۇپ، كۆرەڭلىتىۋېتىدىغان تائەت - ئىبادەتتىن مىڭ ئەۋزەل».

## 4. نەپسكە ھېسداشلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «نەپس دۇنيادىن تەلىيى كەلسە، بارغانسېرى كۈچىيىپ، خۇرسەن بولۇپ كېتىدۇ، پۇتۇن كۈچىنى يىغىپ، چېچىلاڭغۇلۇقى يوقايدۇ».

ئىبنۇلجەۋزىي مۇنداق دەيدۇ: «نەپس بىلەن كۈرەش قىلىش ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىش، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ماھارەت كېتىدۇ. بەزىلەر نەپسىنى ھەۋەسنىڭ كەينىدىن قويۇۋەتكەن بولغاچقا، نەپس ئۇلارنى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان. بەزىلەر نەپسىنى دۈشمەن بىلىشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھەتتا ئۇنىڭ ھەققىنىمۇ بەرمەي، زۇلۇم قىلغان بولغاچقا، بۇ زۇلۇمنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن. بەزىلەر نەپسىنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرمىغان بولغاچقا، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى جايىدا ئادا قىلىشتىن ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ

قويغان.

يەنە بەزىلەر خىلۋەتتە ياشاپ نەپسىنى يالغۇز تاشلاپ قويغان بولغاچقا، كىشىلەردىن قاچىدىغان قىلىپ قويغان، نەتىجىدە بىر قىسىم پەرزلەرنى ياكى كېسەل يوقلاش ۋە ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشتەك نۇرغۇن پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشكە ئېلىپ بارغان.

پەرھىزكار ئادەمدىن نەپس ئەستايىدىللىق ۋە قائىدە - يوسۇن ئۆگىنىدۇ، ئەگەر نەپسكە يول قويسا، يول قويغان دائىرىدىن چىقىپ كېتىشكە پېتىنالمايدۇ».

ئىبنۇلجەۋزىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، نەپسنى كۆندۈرۈش ئۇنىڭغا ھېسداشلىق ۋە تەدرىجىيلىك بىلەن بولىدۇ. باشتىلا نەپسكە قوپاللىق قىلماي، ھېسداشلىق قىلىش، ئاندىن رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن قورقۇتۇشنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

بەزى پېشۋالار تاتلىق - تۈرۈم يېگۈسى كېلىپ قالسا، شۇ چاغدىلا يېمەي، تەييارلاپ قويۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن يەيتتى. ئىمام سەۋرىي كۆڭلى تارتقان نەرسىنى يېۋېلىپ، ئاندىن تاڭ ئاتقۇچە قىيامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى. رەببانىي ئالىملار نەپسنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئالغانغا قەدەر يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ، ئاخىر مەغلۇپ قىلاتتى».

بىزمۇ نەپسىمىزگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشىمىز، داۋاملىق قورقۇتۇشقىلا تايىنىۋالماي، بىر تەرەپتىن رىغبەتلەندۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز كېرەك. ئاقىل كىشى نەپسىگە يوللۇق ھەققىنى بېرىپ، ئۇستىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 5. بۇ يولدىكى ئاپەتلەر

نەپسنى ئىسلاھ قىلىشنى باھانە قىلىپ جىھادنى، ئەمرىمەرۇپ

- نەھىيمۇنكەرنى ۋە دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىش بۇ يولنىڭ ئاپەتلىرىدىندۇر.

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەندە ئاللاھ تەرەپكە سەپەر قىلىشقا بەل باغلىسا، نۇرغۇن تۈزاقلارغا ئۇچرايدۇ. شەھۋەت، ئەمەل - مەنسەپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت، ئايال ۋە كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرگە ئالدىنىپ توختاپ قالسا، يولدىن قالىدۇ. ۋەسۋەسىلەرنى رەت قىلىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرسا ۋە بۇ يولدىكى ساداقىتىنى ئىسپاتلىسا، مۇرىتلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى، سورۇنلاردا تۆردىن ئورۇن بېرىشلىرى، دۇئا تەلەپ قىلىشلىرى ۋە تەبەررۈك ئىزدەشلىرى دېگەندەك كۆڭۈل تەلپۈنىدىغان نەرسىلەر بىلەن سىنىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇلارغا قانائەتلىنىپ قالسا، ئاللاھنىڭ يولىدىن قېلىپ، نەپسىنى نېسىۋىدار قىلغان بولىدۇ. بۇنىمۇ رەت قىلىپ، يولىنى داۋاملاشتۇرالىسا، كارامەت ۋە سىرلاردىن ۋاقىپ بولۇش بىلەن سىنىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا توختاپ قالسا، ئاللاھنىڭ يولىدىن قالىدۇ ۋە دۇنيادىن نېسىۋىسىنى ئالغان بولىدۇ. بۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلماي يولىنى داۋاملاشتۇرالىسا، ئىخلاس، خىلۋەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشنىڭ لەززىتى، يالغۇزلۇقتىكى ئىززەت ۋە تەركىدۇنيالىق بىلەن سىنىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇلارغا قانائەت قىلىپ تۇرۇپ قالسا، نىشاندىن قالىدۇ. مەيلى چارچىسۇن ياكى راھەت تاپسۇن، ھۇزۇرلانسۇن ياكى دەرد تارتسۇن، كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىرىلسۇن ياكى كىشىلەردىن ئايرىلسۇن، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان بىر بەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللاھنىڭ مۇرادىنى كۆزلەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا تاللىغاندىن باشقىنى تاللىمايدىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىدىغان، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە خۇرسەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ راھىتى ۋە ھۇزۇرىدىن كېچەلەيدىغان بىر بەندىگە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ مەقسەتكە

يەتكەن بەندە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھقا باغلانغان رىشتىسىنى ھېچنېمە ئۈزۈۋېتەلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كۇفە شەھرىدىن چىقىپ كېتىپ، خىلۋەتتە ئىبادەت قىلىشقا ئاتلانغانلىق خەۋىرى يەتكەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن، ئۇلارمۇ ئابدۇللاھنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشۇپ كەتكەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

– نېمىشقا شەھەردىن چىقىپ، بۇ يەرگە جايلاشتىڭلار؟ – دەپ سورىغاندا، ئۇلار:

– بىز ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ، خىلۋەتتە ئىبادەت قىلىشنى ياخشى كۆردۇق، – دېگەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

– ناۋادا ھەممەيلەن مۇشۇنداق قىلسا، دۈشمەن بىلەن كىم جىھاد قىلىدۇ؟ مەن سىلەرنى قايتۇرمىغۇچە ھەرگىز كەتمەيمەن، – دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن.

ھەرقانداق بەندىنىڭ نەپسىنى ئىسلاھ قىلىشنى باھانە قىلىپ جىھادنى، ئەمرىمەرۇپ - نەھيىمۇنكەرنى ۋە دىننى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى توختىتىپ قويۇشى دۇرۇس ئەمەس.

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىققا بۇيرۇش بىلەن شۇ ئىشنى ئۆزى قىلىش ھەرئىككىلىسى ۋاجىپتۇر. ئىككىسىنىڭ بىرىنى قىلسا، يەنە بىرى ساقىت بولمايدۇ».

# ئالتىنچى بۆلۈم

## ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش

بىز تۆتىنچى بۆلۈمدە ھەر ۋاقىت ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشنىڭ تەلىم - تەربىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. دېمەك، ھەممەيلەن ھەر كۈنى بىرقانچە مىنۇت بولسىمۇ، زېھنى ئوچۇق ۋاقىتتا نەپسى بىلەن خىلۋەتتە بولۇشى كېرەك. بۇ ۋاقىت ئادەتتە سەھەردە بامدات نامىزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ۋاقىتتۇر.

بۇ خىلۋەت ئۆتمۈشتىكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى بىر قاتار ئەسلەپ، ئۆز - ئۆزىگە تەنقىدىي سوئاللارنى قويۇش بىلەن باشلىنىدۇ. سوئاللارغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سادىر قىلغان چوڭ - كىچىك گۇناھ - مەسىيەتلەرنى تولۇق يېزىپ تەۋبە قىلىش ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قايتا قىلماسلىققا كەسكىن ئىرادە باغلاش كېرەك. ئۆزىدىن مانا مۇشۇ شەكىلدە ھېساب ئېلىپ، ھەر ئىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن نەپسىنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئاپەتلەر ئازايغۇسى، ئىنشائاللاھ!

ھەممەيلەن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشقا قەتئىي سەل

قارىماسلىقى كېرەك، چۈنكى ھېسابسىزلىق نەپسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىدۇر. نەپسنى ھېسابسىز قويۇۋەتكەن ئىنسان ئۆز ھالىدىنمۇ غەپلەتتە ياشايدۇ، قىلىۋاتقان كىچىككىنە ئىبادىتىگە قاراپ سادىر قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ناھايىتى كۆپ ياخشى ئىش قىلىۋەتكەندەك چاغلاپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەركىم ئەتە (يەنى قىيامەت) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر﴾[226].

ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل تەقۋادارلىقتۇر. بىز ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىش ئارقىلىق ئەيىبلىرىمىزنى بىلەلەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىمىزنى، ئاللاھقا نەقەدەر موھتاجلىقىمىزنى ھېس قىلالايمىز. ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش بىلەن تەقۋادارلىق ھەرئىككىلىسى زۆرۈردۇر، چۈنكى ئۆزىمىزدىن ھېساب ئالماي تۇرۇپ ئەيىبلىرىمىزنى بىلگىلى بولمايدۇ، تەقۋادار بولماي تۇرۇپ ئۆزىمىزدىن ھېساب ئالغىلى بولمايدۇ.

تۆۋەندە بىز ئۆز - ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنىڭ بىرقانچە ئۆرنىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. كىتابخان مەزكۇر ئۆرنەكلەردىن ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغىنىنى ئېلىپ، قالغىنىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

---

[226] ھەشر سۈرىسى، 18—19 - ئايەتلەر.

# ئۆرنەكلەر:

* ئىبادەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى نىيەتنى ئاللاھقا خالىس قىلدىڭىزمۇ؟

* ئەمەلنى باشلاشتىن ئىلگىرى سۈننەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈردىڭىزمۇ؟

* دىنىنىڭ شوئارلىرىنى ئۇلۇغلاپ، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرىدىڭىزمۇ؟

* ئاللاھ هارام قىلغان ئىشلاردىن يىنىپ، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشتىڭىزمۇ؟

* هاۋايى - هەۋەسىڭىزنى تىزگىنلەپ، جامائەت نامىزىنى مەسچىتتە ئادا قىلىشقا ئالدىرىدىڭىزمۇ؟

* تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئويغىنىپ، ئاللاھ ئۈچۈن تەهەججۇد نامىزى ئوقۇپ، بامدات ئەزانى چىققانغا قەدەر ئاللاھتىن گۇناهلىرىڭىز ئۈچۈن مەغفىرەت تىلەپ ئولتۇردىڭىزمۇ؟

* جامائەت نامىزىدا بىرىنچى تەكبىرگە ئۇلگۇرۇشكە سەل قارىغان ۋاقىتلىرىڭىز بارمۇ؟

* ناماز ئىچىدە دۇنيانىڭ بارچە هېساباتىنى قىلىپ، نامازدىن ناماز ئوقۇمىغاندەكلا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىڭىزمۇ بارمۇ؟

* پەرز نامازنىڭ ئالدى - كەينىدىكى سۈننەتلەرنى ئادا قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدىڭىزمۇ؟

* مەخپىي قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىڭىز هەققىدە سۆزلەپ يۈردىڭىزمۇ؟

* قىلغان ئىشلىرىڭىزنى ئەيىب - نۇقسانسىز دېگەن ئويغىمۇ كەلدىڭىزمۇ؟ شۇنداق ئوي كاللىڭىزغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارشى تۇردىڭىزمۇ ياكى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

* تائەت - ئىبادەت قىلىشىڭىزغا تۇرتكە بولغان ئامىل ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشمۇ ياكى باشقىمۇ؟

* مەلۇم ئىبادەتنى قىلىۋالغانلىقىڭىز ئۈچۈن باشقىلارنى كەمسىتىپ، ئۆزىڭىزدىن پەخىرلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

* ئىمامەتچىلىككە، ئەمىرلىككە ياكى باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە تەلپۈنەمسىز؟

*كىشىلەرنىڭ سىزنى لايىقىدا ھۆرمەتلىمىگەنلىكىدىن سىقىلىش ھېس قىلامسىز؟

* تائەت - ئىبادەت قىلغىنىڭىز ئۈچۈن باشقىلاردىن پۇل - مال ياكى بىرەر خىزمەتكە ئوخشاش نەرسىلەرنى كۈتتىڭىزمۇ؟ قەلبىڭىز شۇنىڭغا باغلاندىمۇ؟

* باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىڭىزنىڭكىدىن ئەلا بىلدىڭىزمۇ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ راھىتىدىن باشقىنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟

* ئاچچىقىڭىزنى يۇتالامسىز ياكى تېز غەزەپلىنەمسىز؟

* ئۆز پىكرىڭىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، سىز بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئادەمنىڭ خاتالىشىشىنى ئارزۇ قىلدىڭىزمۇ؟

* باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ئاقلاپ باقتىڭىزمۇ؟

* باشقىلار ئېرىشكەن ياخشىلىققا چىدىماي، ھەسەت قىلدىڭىزمۇ؟

* باشقىلارغا كېلىدىغان ياخشىلىقنى توسۇشقا ئۇرۇنىدىغانسىزمۇ؟

* كۆڭلىڭىزدە بىراۋنى مەسخىرە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

* سىزگە گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلماي، پەرۋاسىز تۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟

* بىرەر مۇسۇلماندىن يامان گۇمان قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

* قېرىنداشلىرىڭىزغا قارىتا قەلبىڭىز ساغلاممۇ؟

* بىراۋغا ئادەم بار يەردە نەسىھەت قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

* تونۇش - بىلىشلىرىڭىز ئالدىدا ماختاشقا سازاۋەر بولغاندا كۆرەڭلەپ باقتىڭىزمۇ؟

* تونۇش - بىلىشلىرىڭىز ئالدىدا ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغاندا سىقىلىش ھېس قىلدىڭىزمۇ؟

* باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن «بىلمەيمەن» دېيىشتىن قورققان چاغلىرىڭىز بارمۇ؟

* ھوشيارلىقىڭىز ۋە تەجرىبىڭىزگە تايىنىپ مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

* باشقىلار سىزنى ماختىغاندا كۆرەڭلەپ، يايراپ كېتەمسىز؟

* باشقىلار سىزنى تەنقىدلىگەندە ئىچىڭىز سىقىلامدۇ؟

* ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ سىزگە ئېھتىياجى چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ئالدىرامسىز ياكى ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئارقىغا سوزامسىز؟

* ئاللاھنىڭ سىزگە تەقسىم قىلغان رىزقىغا رازى بولامسىز ياكى شىكايەت قىلىپ غەزەپلىنەمسىز؟

* ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولامسىز ياكى غەزەپلىنەمسىز؟

* كۆز - قارىنىڭىز توقمۇ ياكى داۋاملىق كىشىلەردىن بىر نەرسە تەمە قىلامسىز؟

* پۈتۈن ئەمەلىڭىز، جىھادىڭىز ۋە شۇ يولدا چەككەن ئەزىيەتلەرنىڭ ساۋابىنى ئاللاھتىن كۈتەمسىز يا باشقىلاردىنمۇ؟

* بىھۇدە سورۇنلاردا كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتكەن چاغلىرىڭىز بارمۇ؟

* سۆخەنچىلىك قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

* راستچىل بولدىڭىزمۇ؟

* باشقىلارنى كەمسىتتىڭىزمۇ؟

* بىراۋغا چىدىماسلىق قىلدىڭىزمۇ؟

* ئامانەتنى جايىغا يەتكۈزدىڭىزمۇ؟

* ئۆزىڭىز ئۈچۈن غەزەپلىنىپ، ئۆچ ئېلىپ باقتىڭىزمۇ؟

* بىراۋغا زۇلۇم قىلدىڭىزمۇ؟

* ئۆزىڭىز ۋە تۇغقانلىرىڭىزنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ ھەقنى سۆزلىيەلىدىڭىزمۇ؟

* گەپ - سۆزلىرىڭىزنى تەكشۈرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

* قېرىنداشلىرىڭىزغا كەمتەر بولدىڭىزمۇ؟

* باشقىلارغا مېھرىبانلىق قىلدىڭىزمۇ؟

* بىراۋغا قىلغان خىزمىتىڭىز ئۈچۈن مىننەت قىلىپ، ئۇنى يىراق - يېقىندىن تىلغا ئالدىڭىزمۇ؟

* باشقىلار ئالدىدا شۇ خىزمەتنى تىلغا ئېلىپ

باقتىڭىزمۇ؟

* ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى كوچىلاپ باقتىڭىزمۇ؟

* غەيۋەت - شىكايەت سورۇنلىرىغا قاتناشتىڭىزمۇ؟ غەيۋەتنى قىلىنغۇچىنىڭ ئابرۇيىنى قوغدىدىڭىزمۇ؟

* باشقىلارنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپ باقتىڭىزمۇ؟

* ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توستىڭىزمۇ؟

* بىراۋنى يۈزىگە ماختاپ باقتىڭىزمۇ؟

* جۇرئەتسىزلىك قىلىپ، قېرىندىشىڭىزغا نەسىھەت قىلىشقا پېتىنالمىغان چاغلىرىڭىزمۇ بولدىمۇ؟

* ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقاندا ئىللىق مۇئامىلە قىلدىڭىزمۇ؟

* مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قايغۇردىڭىزمۇ؟

* سىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلدىڭىزمۇ؟

* مەلۇم شەخسلەر ئۈچۈن تەرەپبازلىق قىلدىڭىزمۇ ياكى ھەر ۋاقىت ھەقىقەتنى ياقىلىدىڭىزمۇ؟

* تاپقان مال - مۈلكىڭىزدە ھالالنى تالاپ، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇپ ئاللاھ ئۈچۈن تەقۋادارلىق قىلدىڭىزمۇ؟

* دۇنيالىق مەنپەئەت بىلەن دىنىنىڭ مەنپەئەتىگە توقۇنۇشۇپ قالغاندا، دىنىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالىدىڭىزمۇ؟

* كەمتەرلىكنى يار تۇتتىڭىزمۇ ياكى غادىيىپ يۈردىڭىزمۇ؟

* تەكەببۇرلارچە گەپ قىلامسىز؟

* سىز خۇشپېئىلمۇ ياكى ئاچچىقىڭىز يامانمۇ؟

* ئىشلىرىڭىز رەتلىك، پىلانلىقمۇ؟

* بىرەر مۇسۇلمانغا قويمىچىلىق، ئالدامچىلىق ياكى خىيانەت قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

* ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن نەپلە روزا تۇتتىڭىزمۇ؟

* لىق تويغۇدەك كۆپ يەپ - ئىچەمسىز؟

* كۆزلىرىڭىزنى نامەھرەمدىن ساقلىدىڭىزمۇ؟

* قۇلاقلىرىڭىزنى چاكىنا ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلاشتىن ساقلىدىڭىزمۇ؟

* ئاتا - ئانىڭىزغا خەير - ئېھسان قىلدىڭىزمۇ؟

* ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا سىلە - رەھىم قىلدىڭىزمۇ؟

* قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدىڭىزمۇ؟

* سىزدىن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن تۇغقانلىرىڭىزغىمۇ سىلە - رەھىم قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

* سىزنى مەھرۇم قويغانلارغا خەير - ئېھسان قىلدىڭىزمۇ؟

* زۇلۇم قىلغانلارنى ئەپۇ قىلدىڭىزمۇ؟

* يوقسۇل تۇرۇپ سەدىقە قىلدىڭىزمۇ؟

* ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلىدىڭىزمۇ؟

* ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنى زىكىر قىلدىڭىزمۇ؟

* كۆپ ئىستىغفار ئېيتتىڭىزمۇ؟

* «لا إله إلا الله» ۋە «لا حول ولا قوة إلا بالله» ۋە «الصلاة

والسلام على رسول الله»نى كۆپ ئېيتتىڭىزمۇ؟

* قۇرئان كەرىمدىن ئوقۇيدىغان ۋەزىپىڭىزنى تاشلىماي ئوقۇدىڭىزمۇ؟

* ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتناشتىڭىزمۇ؟

* كىتاب ئوقۇپ تۇرامسىز؟

* ئىسلام ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلامسىز؟

* ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشقا ئىشتىياقىڭىز بارمۇ؟

* يامانلىق قىلىپ سالسىڭىز، ئارقىدىنلا ياخشىلىق قىلدىڭىزمۇ؟

* تەۋبىگە ئالدىرىدىڭىزمۇ؟

# خاتىمە

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ يۈرىكى يىغلاۋاتقان ۋە «ئاللاھنىڭ نۇسرىتى قاچان كېلەر؟» دەپ پەرياد چېكىۋاتقان ئەزىز قېرىندىشىم!

يۇقىرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب تاپتىڭىزمۇ؟ جاۋابنىڭ دەل ئۆزىمىزدە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىمىز دەيدىكەنمىز، ئاۋۋال ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىڭىزمۇ؟

ئۇنداقتا، يېڭىمىزنى تۈرۈپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەپ، كېسىلىمىزنى داۋالاشنى باشلامدۇق ياكى بىزگە ئاللاھنى ۋە نەپسىمىزنىڭ دۈشمەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرغان غەپلەتتە يۈرۈۋېرەمدۇق؟

ئەي قېرىندىشىم! بىلىڭكى، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەستۇر. ناۋادا بىز مۇشۇ پېتى ياشاۋېرىدىغانلا بولساق، ئاللاھ تائالا بۇ دىنىنى راۋۇرۇس ئىجرا قىلىدىغان باشقا بىر قەۋمنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ - دە، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ)**﴾[227].

---

[227] مۇھەممەد سۈرىسى، 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.